

★ ئايال ئوغرى ۋە ئۇنىڭ ئاشنىلىرى
★ باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىش
★ ئادەم ئۆلتۈرۈپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش
★ جاك جېجۇك شىنجاڭدا
ئامانلىق
2002 3
CN65－1180/D－W
ISSN 1009－1844

# ئۆمەرجان ھېيت فوتوسى



قونالغۇ



يارغونچاق



يېزا يولى



بازار



قىش پەسلى

# تەۋسىيىلىك تېمىلار




بۇ ھېكايە ھەم كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ . ھەم كىشىنى ئۆكۈندۈرىدۇ . بۇ ھېكايىدە قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل دەسلەپتە ياشلىق باھارىنى ساتماقچى بولغاندا ، ئانىسىنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان . ئەمما ، كېيىنكى چاغلاردا ، ماقالىدىكى ئەر - ئايال باش قەھرىمانلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا تامامەن ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئىپادىسىگە ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قىلىنغان ھاقارەتكە ئايلىنىپ كەتكەن . قىزىقسىڭىز بۇ ماقالىگە نەزەرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ .




## قايتا ياتلىق بولغان ئايالنىڭ
### ئۆي-مۈلۈك دەۋاسى

ئۆگەي بالىلار ئۆگەي ئانىسى ئۈستىدىن ، ئانا ئۆز بالىلىرى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇندى . ئۆگەي ئانا بىرلا ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن ھەم جاۋابكار ، ھەم دەۋاگەر بولۇپ ئىككى قېتىم سوتقا چىقتى ؟ ۋەقەلىكى جانلىق ، قىزىقارلىق يېزىلغان بۇ دېلو ھەر بىر ئوقۇرمەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ ھەمدە قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .




قىز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدا غەلىتە بىر ئوي پەيدا بولدى . ئۆزىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەركەك ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئارقىلىق ھەقىقىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلماقچى بولدى . ئەمما ، ئۇ نېمىگە ئېرىشتى ؟ بۇ ماقالىگە قىزىقسىڭىز 48 - بەتكە نەزەر سېلىڭ .

# بۇ ساندا

## 2002 ـ يىل 3 ـ سان

### تەۋسىيىلىك قۇرلار


.................................................................... (1)


### كومپاس


ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئاچتى ..... (4)


### دۆلەت دەھلىزى


قايتا ياتلىق بولغان ئايالنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك دەۋاسى ..............
.......................................... فەن يۈجىن (6)

ئايال ئوغرى ۋە ئۇنىڭ ئاشنىلىرى .................. رۇ جىڭ (12)


### جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش


ياشلىق باھارىنى ساتقان قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىل ............
.......................................... شاڭ مو (22)


### دۆلەت ۋە قانۇن


«غەربىي دىيار رېستورانى» دىكى پاجىئە ........................
.................................. ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (31)

باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىش ..................... لياڭ شۈي (37)


### نەزەر


نېمە ئۈچۈن ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئۈسىمۇر
جازاغا ھۆكۈم قىلىندى ؟ .......................... خې زى (43)


### جىنايەت ۋە جازا!


ئادەم ئۆلتۈرۈپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ......................
.......................................... ۋۇ لىن ، ۋاڭ جىجۇ (48)


### ئەدەبىيات كۆزنىكى


جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ........................... لى خوا (53)



# ئامانلىق

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

( ئومۇمىي 63 ـ سان)

**باشقۇرغۇچى ئورۇن :**
ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

**مەسلىھەتچىلەر :**
ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى

**پەخرىي مۇدىر :** جۇ شېڭتاۋ

**ئالىي مەسلىھەتچىلەر :**
جاڭ شيۇمىڭ ، نۇر بەكرى ، لى فېڭزى ، ئابدۇقادىر ئەسىردىن ، ئابلىز ھوشۇر

**مۇدىر :** سۇڭ جىيى

**مۇئاۋىن مۇدىرلار :**
دۇشىڭلىئو (ئىجرائىيە) ، جياۋ مىڭچى ، ليۇ گۇاڭزۇ ، بوشياۋ

**ھەيئەت ئەزالىرى :**
ۋەن زۇڭلىن ، فاڭ ۋېي ، قادىر ئىبراھىم ، ۋاڭ يېيىمىڭ ، ليۇ گۇاڭزۇ ، سۇڭ جىيى ، ئابلىمىت سادىق ، چېن يەيجۇڭ ، شاۋ سىۋېن ، ۋۇجيەنگو ، خوشياۋ چېن ، دۇشىڭلىئو ، گوڭ پېيدې ، جياۋ مىڭچى ، سەي يۇچى ، بوشياۋ

# «ئامانلىق» سىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن


## خەۋەرلەر

ئازادگۇل توختىمۇھەممەت، كېرەم روزى ............ (58)

## تېپىشماقلىق ھېكايىلەر

سىم ھەرىنىڭ سىرى ، ئەخمەق ئوغرى ............ (60)

## ئېلانلار

............ (61)

## قانۇندىن مەسلىھەت

پەرزەنتلەرنىڭ قايتا نىكاھلانغان ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش مەجـ
بۇرىيىتى بارمۇ ـ يوق ؟ ............ (62)

## تەلەپ ۋە تەقدىم

............ (63)

## يۇمۇرلار ۋە ھەجۋىيلەر

............ (64)


## مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە :

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان تۇنـ
جى نۆۋەتلىك «ناۋ بەيجىن» لوگۇسىنى تاللىش ئېكـ
ران مودېل چولپىنىنى تاللاش مۇسابىقىسىدە 2 ـ دەرىـ
جىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن **رەنا غەيرەت**
سۈرەتنى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدىن
**ئېزىز قېيۇم** تارتقان .

***ژۇرنىلىمىز ھەر ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ . ژۇرـ
نىلىمىزنى سېتىۋالماقچى بولغانلار بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىز
بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ .***


باش مۇھەررىر: دۇشىگۈلنۇ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
نابىلىمىت سادىق

تەھرىربۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
مىلاقىز بەكرى

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
قادىر ئىبراھىم

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
نۇمەرجان قاسىم

بەت تۈزگۈچى :
نابلىبلىم ھېمىت

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى :
CN65 - 1180/D - W

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى :
ISSN 1009 - 1844

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 147 ـ 58

ئېلانغا روخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى :
00535173



ئادرېسى:
ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2 ـ قورۇ

تېلېفون : (0991) 2391963
پوچتا نومۇرى : 830003



باھاسى : 4.00 يۈەن

شىنجاڭ ئۆمىد باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسى ـ قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

# يۇتۇن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى

**ئۆز خەۋىرىمىز .** 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈ-
نىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسى ـ قانۇن خىز-
مىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى . ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئى-
سى ئابلەت ئابدۇرىشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى . ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ
خۇلاسە سۆزى قىلدى . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي
كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، سىياسى ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ
شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ سىياسى ـ قانۇن خىزمىتىدىن
دوكلات بەردى . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ ئەزاسى نۇربەكرى قاتارلىق پارتىيە ، ھۆكۈمەت ،
ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە سىياسى ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ
بارلىق ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى .



ۋاڭ لېچۈەن ئالدى بە-
لەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى :
ئەمدىلا ئاخىرلاشقان
2001 ـ يىل شىنجاڭدا يې-
قىنقى يىللاردىن بۇيانقى
مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئەڭ
ياخشى بولغان بىر يىل
بولۇپ ، سىياسى ـ قانۇن
سېپىدىكى بارلىق كا-
دىر ـ ساقچىلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ، شىنجاڭنىڭ
ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن
كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى . نۆۋەتتىكى ئومۇمىي
ۋەزىيەت بىر قەدەر ياخشى ، لېكىن مىللىي بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى ،
مۇشكۈللىكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە قارىتا تونۇشنى يەنىمۇ
ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك . زوراۋانلىق ، تېررورلۇق جىنا-
يەتلىرىگە زەربە بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئىدېئولوگىيە
ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىگە
ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك . زوراۋانلىق ، تېررورلۇق
ھەرىكەتلىرىگە قارىتا بىز باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بې-
رىشىمىز ، قىلچىمۇ مۈجمەل قاراشتا بولماسلىقىمىز ،
قورال ئىشلەتمەي ، زوراۋانلىقنى قوللانماي ئېلىپ بې-
رىلغان بۆلگۈنچىلىك ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگىمۇ
باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىشىمىز ، قىلچە يۇمشاق
قوللۇق قىلماسلىقىمىز كېرەك .

ۋاڭ لېچۈەن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى :
2002 ـ يىلى سىياسى ـ قانۇن تارماقلىرى پارتىيە 15 ـ
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ئىستىل قۇرۇ-
لۇشىنى چىڭ تۇتۇشى ، ئىدىيىۋى ، سىياسىي تەربىيىنى
كۈچەيتىپ ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ ،
ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان قانۇن ئىجرا قى-
لىش قاتتىق ، ئادىل بولماسلىق ، مۇئامىلىدە قوپال ،
سوغۇق ، قاتتىق بولۇش مەسىلىلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىپ ، يېڭى ۋەزىيەتتە سىياسى ـ قانۇن قو-
شۇنىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلا-
شىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى كې-
رەك ، سىياسى ـ قانۇن قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدى-
لىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ ، قانۇننى ھە-
قىقىي تۈردە مەدەنىي ئىجرا قىلىپ ، قىزغىن مۇلازىمەت
قىلىپ ، ئاممىۋى قاراشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، پارتىيە
بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ گۆش بىلەن قاندەك مۇناسىۋى-
تىنى ھەقىقىي چىڭىتىپ ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ
خەلق قەلبىدىكى ياخشى ئوبرازىنى تىكلىشى كېرەك .



ئابلەت ئابدۇرىشىت سۆ-
زىدە مۇنداق دېدى : ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى سىياسى ـ قا-
نۇن تارماقلىرى ئاپتونوم را-
يونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇ-
شى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققى-
ياتىغا ياخشى ئىجتىمائىي
مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى . ھازىرقى
مۇرەككەپ ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى
ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسى ـ قانۇن تار-
ماقلىرى مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ ، «ئۈچ خىل كۈچ»
لەرگە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىپ ، ئىدېئولوگىيە

ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك . بۇ يىل سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدىكى ۋەزىيەت مۇشكۇل ۋە ئېغىر ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ، ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ راسخوتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ، ئومۇمىيلىققا ئەھمىيەت بېرىش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ، ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشى ، دېلو بېجىرىش راسخوتىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك .



جاڭ شيومىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : 2002 - يىلى دۆچ كەلگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇش ئاساسىدا ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان سىياسىي - قانۇن تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان قاتتىق زەربە بېرىش ، تۈزەش كۈرىشىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ، بولۇپمۇ قارا ، رەزىل كۈچلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش ، سودا ئارقىلىق قارا كۈچلەرنى بېقىش ، قارا كۈچلەر ئارقىلىق سودا قىلىش قىلمىشلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ ، ھەرخىل قارا ، رەزىل كۈچلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئاساسىنى قەتئىي تارمار قىلىش ھەمدە ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ، قاراتمىلىقى بولغان مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى دەل ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇش كېرەك . بازار تەرتىپىنى تۈزەش ، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىش لازىم . ئامانلىق ساقلاش ، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك . خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن دۆچ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسقا ئاكتىپ ماسلىشىش كېرەك .



جۇ شېڭتاۋ يىغىن ئاخىرلاشقاندا قىلغان خۇلاسە سۆزىدە ، ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ يېڭى بىر يىلدا مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ ، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ - خەتەرنىمۇ ئويلاپ ، نۆۋەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ، مۇقىملىقنى ساقلاش كۈرىشى دۆچ كەلگەن ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، تۈرلۈك سىياسىي - قانۇن خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، سىياسىي - قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى ، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاپ ، پارتىيىنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ، گەۋدىلىك خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداپ ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلدى .

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ھۆججەت ئۆگىنىش ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى ، ئىشەنچ ۋە كۈچكە تولدى . يىغىن ئاخىرلاشقاندا ، ج خ ، تەپتىش ، سوت ، ئەدلىيە ، بىخەتەرلىك ئىدارىسى قاتارلىق سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى دەرھال ئۆز تارماقلىرىنىڭ يىغىنلىرىنى ئېچىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈردى .





# قايتا ياتلىق بولغان ئايالنىڭ ئۆي - مۈلۈك دەۋاسى

فەن يۈچىن

ئۆگەي بالىلار ئۆگەي ئانىسى ئۈستىدىن، ئانا ئۆز بالىلىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن ھەم جاۋابكار، ھەم دەۋاگەر بولۇپ ئىككى نۆۋەت سوتقا چىقىدۇ؟

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم سوت مەھكىمىسىدە ئۆگەي بالىلار ئۆگەي ئانىسى ئۈستىدىن، بۇ ئۆگەي ئانا ئۆز بالىلىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقتەك غەلىتە بىر دەۋاغا يولۇقۇپ قالدىم ۋە ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئالاقىدار كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم.

## توي قىلىپ بولۇپ توي خېتى ئېلىش

جاۋابكار ھەم دەۋاگەر جاڭ ۋېن بۇ يىل 69 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما 60 نەچچە ياشلىق مومايدەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كۆلرەڭ سارجىدىن چاپان ـ ئىشتان كىيگەن، چاچلىرىنى بويىۋالغان بولۇپ، قۇلىقىغا ۋە بارماقلىرىغا تاقىۋالغان ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.

ئۇ ماڭا ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئازار يېگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، سۆزلىگەنسېرى كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

جاڭ ۋېننىڭ ئېرى بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى راك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يالغۇز ئۆتۈشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىگە بىر ھەمراھ تېپىۋېلىش ئويىغا كەلدى، ئەمما بالىلىرىنىڭ قوشۇلماي قېلىشىدىن ھەم تاپقان ھەمراھىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىرەيلەن ئۇنىڭغا لى لىن ئىسىملىك بىر بوۋاينى تونۇشتۇرۇپ، غاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشى توغرىلىق رەسمىي ئويلىنىشقا باشلىدى.

لى بوۋاي جاڭ ۋېندىن بەش ياش چوڭ بولۇپ، خوتۇنى ئۈچ يىل ئىلگىرى قازا قىلىپ كەتكەن ئىدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۆزىنى كۈتەلەيدىغان ھەم گېپى بىر يەردىن چىقىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك بىرەرسىنى تېپىپ بىللە ئۆتۈشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئويلىمىغان يەردىن لى بوۋاي يارىشىملىق كىيىنگەن ھەم ياش كۆرۈنىدىغان جاڭ ۋېننى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى.

لى بوۋايمۇ جاڭ ۋېنغا يېقىپ قالدى. ئۇ مەلۇم بىر بانكىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر بولۇپ، تەمىناتىمۇ يۇقىرى ئىدى، 100 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. جاڭ ۋېننىڭ ئەڭ خۇش بولغان يېرى، لى بوۋاينىڭ ئىككى ئوغلى،

ئىككى قىزى ئۆي ئېلىپ بولغان بولۇپ ، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرەتتى .

بۇ ئىككىسى بىرنەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن نىكاھ ، ئۆي تۇتۇش توغرىلىق رەسمىي سۆزلىشىشكە باشلىدى . بۇ ھەقتە لى بوۋاينىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، توي خېتىنى ئالغاندىن كېيىن ئوچۇق - ئاشكارا توي قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ، ئۇنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىمۇ بوۋاينىڭ ئۆيلىنىشنى توغرا تېپىپ ، بار كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى . ئەمما ، جاڭ ۋېننىڭ بىر ئوغۇل ، ئىككى قىزى «ئانام قېرىغىنىدا قايتا ياتلىق بولىمەن دەپ يۈزىمىزنى چۈشۈردى » دېيىشىپ ، توي ئىشىغا قوشۇلماي ، جاڭ ۋېننى خىجالەتچىلىكتە قويدى .

كېيىن جاڭ ۋېن لى بوۋايغا : «بىز بۇ ياشقا كىرىپ قالغاندا، توي خېتى ئالىمىز دەپ يۈرمەي بىرگە ئۆتسەكلا بولمامدۇ . يەنە قانچىلىك ئۆمرىمىز بار دەيسىز ، ياشلارنىڭ كۆڭلىسىگە قېلىپ يۈرمەيلى يەنە » دېدى . لى بوۋاي بۇ گەپكە قوشۇلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەش يىلدىن بېرى بىرگە ئۆتۈپ كەلدى .

جاڭ ۋېننىڭ گېپىچە ، بۇ بەش يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۇلار ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەن ئىكەن . گەپ ئۇلارنىڭ توي خېتى ئېلىش ئىشىغا كەلگەندە ، جاڭ ۋېن موماي قولىياغلىق بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ، بىر ھازادىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ، بوۋاي ئەتىگەنلىك بازارغا سەيگە چىقىپ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قالغاندا ، باشقىلار تەرىپىدىن دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان . لى بوۋاي ساقايغاندىن كېيىن ، ھەر ئىككىسىلا توي خېتى ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە : «بىرەرسىمىز ئالدىدا كېتىپ قالساق ، قالغىنىمىز نېمىگە ھېساب ؟ يەنە كېلىپ بۇ بەش يىلدىن بېرى ناھايىتى ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشتۇق » دېيىشكەن . لى بوۋاينىڭ سالامەتلىكى زىيادە كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا يار بەرمىگەچكە ، جاڭ ۋېن بىر تونۇشىنى ئىشقا سېلىپ توي خېتىنى ھەل قىلغان . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئىش يۈز بەرگەن . ئۇلار توي خېتى ئېلىپ سەككىز ئاي بولغاندا لى بوۋاينىڭ يۈرەك كېسىلى قايتا قوزغىلىپ بىرمۇ ئېغىز ۋەسىيەتمۇ قالدۇرالماي ئالەمدىن ئۆتكەن . ئەمما ، ھازىر جاڭ ۋېننىڭ دىلىغا قاتتىق ئازار يەتكۈزۈۋاتقان ئىش لى بوۋاينىڭ تۆت ئوغۇل - قىزى «بۇ ئۆينىڭ ئۆي - مۈلۈك ھوقۇقىنى تولۇق سېتىۋالمىغان چاغدا تۆتىمىز پۇل چىقارغان » دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ ، ئۇنى ئۆيىنى بىكار قىلىشقا قىستاۋاتقانلىقى ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ جاڭ ۋېن ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى كىچىك ئوغلىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشكەنلىكلىرىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە قەتئىي قارشىلىق قىلىۋاتقانلىقى ئىكەن .

جاڭ ۋېن يانچۇقىدىن توي خېتىنى چىقىرىپ ئۈستەلگە تاشلىدى - دە ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ : «مەن لاۋلىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى . بۇ ئۆي بىزنىڭ ئورتاق مۈلكىمىز . شۇڭا ، بۇ ئۆيگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى مېنىڭدە بولۇشى كېرەك . بۇ ئۆيدە ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان . بۇ توغرىلىق بېيجىڭغا بېرىپ دەۋالىشىشقا توغرا كەلسىمۇ قورقمايمەن » دېدى .

## ئاچچىق ساۋاق

لى بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ، شۇنداقلا بىرىنچى دەۋاگەر لى جيەنگو دادىسىنىڭ بۇ نىكاھ ئىشى توغرىلىق ماڭا قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى :

«بەش يىل ئىلگىرى ، جاڭ ۋېن دادام بىلەن كۆرۈشكەندە ، جاڭ ۋېننىڭ كۆزى ئالدى بىلەن دادامنىڭ 1400 يۈەن مائاشى ۋە 100 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆيىگە چۈشكەن . شۇنىڭ بىلەن بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، دادامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى ، ھەر قېتىم دادام بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەردى . بەزىدە توخۇ ، بېلىق ، گۆش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ بىر ۋاق مەززىلىك تاماق ئېتىپ بېرىپ ھەممىمىزگە يېگۈزدى . شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ناھايىتى تېزلا قولى چىۋەر ، ئۆزى چاققان بۇ مومايغا مايىل بولۇپ قالدۇق . جاڭ ۋېن دادامنىڭ يېنىغا رەسمىي كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ،سىلەر مۇشۇنداقلا

قوشۇلۇپ بىرگە ئۆتسەڭلار قانداق بولىدۇ ، توي
خېتى ئېلىۋېلىڭلار ، دەپ توي خېتى ئېلىشقا دەۋەت
قىلدۇق . بۇنىڭغا دادام ماقۇل بولغان بولسىمۇ ، جاڭ
ۋېن بىردەم «بالىلىرىم توي قىلىشىمغا قوشۇلماي-
ۋاتىدۇ» دېسە ، بىردەم «مۇشۇنچە ياشقا كىرىپ قال-
غىنىمىزدا توي خېتى ئالىمىز دەپ يۈرەمدۇق» دەپ
باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ ، توي خېتى ئېلىشقا
ئۇنىمىدى . كېيىن جاڭ ۋېن دادامغا ئىچكىرىگە
بېرىپ «سەيلە - ساياھەت تويى قىلساق» دەپ تۇرۇ-
ۋالدى . دادام دەسلەپتە ئۇنىمىغان بولسىمۇ ، كېيىن
جاڭ ۋېننىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە ئالدىنىپ ،
40 مىڭ يۈەن ئامانىتىنى بانكىدىن ئېلىپ ، چاڭجە-
ياڭنىڭ جەنۇب - شىمالىنى قانغىچە ئايلىنىپ ،
تاماشا قىلىپ كەلدى .»

لى ئائىلىسىدىكى تۆت پەرزەنت دادىسىنىڭ بۇ
ئىشىغا نارازى بولغان . لى بوۋاينىڭ كىچىك قىزى
شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا : «سىلەر توي خېتى ئالماي
تۇرۇپ ، سەيلى - ساياھەت تويى قىلىمىز دېگىنىڭلار
قاملاشمىدى» دەپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ، بىراق،
لى بوۋاي پەرزەنتلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغان .

«ئىككى ئايلىق سەپەردە ئۇلار پويىزغا ، ئايروپى-
لانغا ئولتۇرغان ، كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىشقان ،
بولۇپمۇ جاڭ ۋېن ئۆزىگە بىر نەچچە دانە قىممەت
باھالىق زىبۇزىننەتلەرنى سېتىۋالغان . ئاخىرى ئۇ-
لارنىڭ قولىدا ھېچقانچە پۇل قالمىغان . ئۇلار قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ، دادامنىڭ
ئىدارىسى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، دادام
ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ مۇلۇك ھوقۇقىنى تولۇق
سېتىپ بېرىدىغان بولۇپ قالغان . بۇ چاغدا دادام پۇل
چىقىرىشقا ئامالسىز قالغان . جاڭ ۋېننىڭ پېنسىيە
مائاشى 500 يۈەن بولۇپ ، ئىلگىرى يىغىپ قويغان-
لىرىنى ئىلگىرىكى يولدىشىنىڭ كېسىلىنى داۋا-
لىتىش ، بالىلىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشقا
ئىشلىتىپ بولغانىكەن .

دادام ئامالسىزلىقتىن بىزنى چاقىرتىپ پۇل
چىقىرىپ بۇ ئۆينى ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئېيتتى .
بىز نارازى بولۇۋېدۇق ، دادام : «سىلەرنى بېقىپ چوڭ
قىلىپ ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويسام ، ئەمە-
دى ھاجىتىم چۈشكەندە بۇنداق قىلىۋاتىسىلەر . مەن
سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى ئېلىۋالماقچى ئەمەس ، قەرز
ئېلىپ تۇرماقچى . ئەگەر قەرزىمۇ بەرمىسەڭلار بوپتۇ ،
باشقىلاردىن ئالاي» دېدى .

دادامنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلگەن ئىدى .
شۇنىڭ بىلەن تۆتىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ھەر بى-
رىمىز 8000 يۈەندىن چىقىرىپ دادامغا بەردۇق .
شۇنىڭ بىلەن دادام بۇ ئۆينى سېتىۋالدى . ئۆي -
مۈلۈك گۇۋاھنامىسىغا دادامنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلدى .

شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ ۋېنغا قارىتا بىزدە بىر
خىل كۆز قاراش پەيدا بولدى . بۇنداق بولۇشىدا ،
جاڭ ۋېننىڭ دادام بىلەن «توي» قېلىشتىن ئىلگى-
رىكى چاققانلىقىدىن ، ئىشچانلىقىدىن ئەسەر قال-
مىغانلىقى ، دادامنىڭ 1400 يۈەن مائاشىنى ئىلكىگە
ئېلىۋېلىپ خالىغىنىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان ،
ھەتتا ئۆي ئىشىنىمۇ تەڭدىن تولىسىنى دادامغا
ئىتتىرىپ قويىدىغان بولىۋالغانلىقى قاتارلىق سە-
ۋەبلەرمۇ بار . بىز دادىمىزنىڭ تەس كۈنگە قالغان-
لىقىنى كۆرۈپ ، ھەر شەنبە ، يەكشەنبىلىك ئارام
ئېلىش كۈنلىرىمىزدە دادىمىزنىڭ ئۆيىگە نۆۋەت
بىلەن بېرىپ ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدى-
غان بولدۇق . بۇ ئەسلىدە بىر ياخشى ئىش ئىدى ،
بىراق بۇ ياخشى ئىشىمىز جاڭ ۋېنغا ياقمىدى ، ئۇ
بىزگە ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغان بولىۋالدى . ئاچ-
چىقىمىزدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشايلى دەپمۇ ئويلىدۇق .
ئەمما ، دادامنىڭ يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ
قېلىشىدىن ئەنسىرىدۇق ، پەقەت دادامنىڭ ئۆيىگە
بېرىشنى ئازلاتتۇق .»

لى بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى لى جيەنگونىڭ ماڭا
دەپ بېرىشىچە ، ئۆتكەن يىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى لى
بوۋاي ئەتىگەنلىك بازارغا كۆكتات سېتىۋالغىلى
چىققاندا ، يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ
قېلىپ يىقىلىپ قالغان . ئەتراپتىكى ئاقكۆڭۈل
كىشىلەر لى بوۋاينى كۆتۈرۈشۈپ دوختۇرخانىغا ئا-
پارغان ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىرگەن .
پەرزەنتلەر ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ، دوختۇرخانىغا
بارغان ، ئەمما جاڭ ۋېننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەن .
ئەسلىدە ئۇ سەيلى - ساياھەتچىلەر ئۆمىكى بىلەن
دۇنخۇاڭغا ساياھەت قىلغىلى كەتكەن ئىكەن . شۇنىڭ
بىلەن پەرزەنتلەر دادىسىنى بۇ خوتۇندىن قول ئۈزۈشكە
تەۋسىيە قىلغان .

جاڭ ۋېن سەيلە - ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندە ،

لى بوۋاينىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇپ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالغان . ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاڭ ۋېن توساتتىن توي خېتى ئېلىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان . بوۋاي : «شۇنچە يىل توي خېتىسىزمۇ ئۆتتۇق ، ئەمدى ئۇنى نېمە قىلارمىز » دېگەن . بىراق ، جاڭ ۋېن توي خېتى ئېلىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان ھەمدە ئىككىسىنىڭ نوپۇسىنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ تونۇشلىرى ئارقىلىق توي خېتى ئېلىۋالغان . بوۋاي جاڭ ۋېننىڭ بۇ قىلمىقىدىن خاپا بولغان بولسىمۇ ، ئۇشۇق گەپ قىلمىغان .

بۇنىڭدىن سەككىز ئاي ئىلگىرىكى بىر كۈنى ئەتىگەندە ، لى بوۋاي ھاجەتخانىغا كىرىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەن . دوختۇرخانىغا ئاپارغاندا ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ جان ئۈزگەن .

لى ئائىلىسىدىكى پەرزەنتلەر دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىنلا ، بوۋايغا بېرىلگەن نەپىقە پۇلىنى جاڭ ۋېننىڭ پۈتۈنلەي ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆت پەرزەنت دادىسىنىڭ بۇ ئۆيىنى ئالغاندا پۇلنى ئۆزلىرى چىقارغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ ، جاڭ ۋېندىن كۆچۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان . جاڭ ۋېن توي خېتىنى چىقىرىپ ، ئۆزىنىڭ لى بوۋاي بىلەن قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆچكىلى ئۇنىمىغان ۋە بۇ ئۆيىنى ئالغان چاغدىكى پۇلنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بىرلىكتە چىقارغان ، دەپ تۇرۇۋالغان .

سوتتا سودىيە لى بوۋاينىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن ئۇلارنىڭ پۇل چىقىرىپ ، دادىسىغا ئۆي ئېلىپ بەرگەنلىكىگە ئىسپات چىقىرالايدىغان ـ چىقىرالمايدىغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇلار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە سودىيىگە : «ئۆز دادىمىز بىزدىن قەرز ئالماقچى بولسا ، بىز قانداقمۇ «ئەمىسە بىزگە تىلخەت بەر ، دەپ ئېغىز ئاچالايمىز ؟ بۇ ، جوڭگولۇقلارنىڭ ئەقلىگە سىغىدىغان ئىشمۇ ؟ جاڭ ۋېن «بۇ ئۆينى ئالغاندا مەنمۇ پۇل چىقارغان » دەيدۇ ، قېنى ، ئەمىسە ئۇنىڭ ئىسپاتى بارمىكەن ؟ ئۇ دادامنىڭ ئۆيىگە كىچىككىنە بىر چامادان كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى ، ھازىر ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى لىقمۇ لىق بىر ئىشكاپ بولدى . ئالتۇن ـ كۈمۈش ، زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرى تېخى باشقا گەپ » دېدى .

سودىيە : «ئەگەر ئىسپات بولمىسا ، بۇ ئۆينى ئېلىشتا كىمنىڭ پۇل چىقارغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، قانۇن دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىدۇ » دېدى .

لى بوۋاينىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىغا ئۆكۈنۈشتىن باشقا يول قالمىغانىدى . چۈنكى ، دادىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بىردىنبىر گۇۋاھچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى .

لى جيەنگو ئامالسىز ھالدا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ماڭا : «ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ۋە ۋىجدان دېگەنلەرنىڭ قانۇننىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ داۋلىنى ئەمدى چۈشەندۇق . بىراق ، كېچىكىپتۇق » دېدى .

## ئۆي پۇل چىقارغۇچىغا تەئەللۇق

جاڭ ۋېننىڭ ئىككى قىزى ئىنىسىنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ ، ئاپىسى بىلەن سوتلىشىشقا سوتقا چىقاردى . جاڭ ۋېننىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ليۇمىڭ بولۇپ ، كەسپىي شوپۇر ئىدى ، ئاپىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلغىنىغا ئۇ قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدى .

ئۇ ماڭا ئاپىسىنىڭ قاملاشمىغان ئىش قىلغانلىقىنى غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا سۆزلەپ بەردى :

«ئاپام لى بوۋايغا ياتلىق بولماقچى بولغاندا ھېچقايسىمىز قوشۇلمىغان ، چۈنكى ئۇ بوۋاي دورىغا تايىنىپلا ياشاپ كېلىۋاتقان ئادەم بولۇپ ، ئاپام ئۇ يەرگە بارسا ئۆي خىزمەتچىسىدىن باشقا سالاھىيىتى بولمايتتى . شۇڭا ، ئاپام لى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن بىز ئۇ يەرگە ئاپىمىزنى ئىزدەپ بارمىدۇق . مەن ئاتا ـ ئانام ئولتۇرغان ئۆيگە كۆچۈپ كىردىم .

بەش يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۇ ئۆيگە ئاساسىي جەھەتتىن كەلمىدى ، دېسەكمۇ بولىدۇ ، بىز بىلەنمۇ كارى بولمىدى ، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشىمگىمۇ ھېچقانداق باشقا پىكىردە بولمىدى . ھەر قېتىملىق چوكانتال بايرىمى مەزگىلى دادامنىڭ تۇپرىقى بېشىغا قەبرە سۈپۈرۈشكە بارغىنىمىزدا ئۇ بېرىپمۇ قويمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئاپىمىزدىن كۆڭلىمىز بەكلا سوۋۇپ كەتتى . بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ، ئۇ پۈتۈنلەي لى ئائىلىسىنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكەن ئىدى .

تۆت يىل ئىلگىرى دادامنىڭ ئىشلىگەن ئىدارىسى ئۆيلەرنى سېتىپ بېرىشكە باشلىدى . دادام ھايات چېغىدا بۇ ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ % 67 نى سېتىۋالغان . ئاپام ھايات بولغاچقا ، بەلگىلىمە بويىچە ئۇ قالغان % 33 مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشقا بولاتتى . ئاپامدىن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سورىسام ، ئۇ «ئۆي

سېتىۋالىدىغان پۇلۇم يوق ، ئۆزۈڭلار پۇل يىغىش قىلىپ سېتىۋېلىڭلار ، دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئاچىلىرىمغا مەسلىھەت سالسام ، ئىككىلىسى مېنىڭ پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىشىمنى ھەمدە بۇ ئۆيگە ۋارىسلىق قىلىشىمنى ئېيتتى . چۈنكى ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىمىزنىڭ ئىدارىسىدا ئۆي يوق ئىدى .

ئەمما ، بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئاپام ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەلدى ۋە «لى بوۋاينىڭ بالىلىرى مېنى كۆچۈپ كەت ، دەۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرمىسام بولمىغۇدەك» دېدى . مەن بۇنىڭغا قوشۇلمىدىم ۋە : «ئەينى چاغدا سەن بۇ ئۆي بىلەن كارىم يوق ، ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار دېگەنىڭغۇ . ئەمدى قانداق بولۇپ يېنىۋالىدىڭ ؟ يەنە كېلىپ سەن شۇنچە يىل لى ئائىلىسىنىڭ ئادىمى بولدۇڭ . ئۇلار سېنى قوغلىماسلىقى كېرەكتى» دېدىم . ئاپام ئاچچىقلاپ : «بۇ مەن بىلەن داداڭلارنىڭ ئۆيى ، مېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇش ھوقۇقۇم بار» دېدى . ئايالىم ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا : «بۇ ئۆيگە بىز ۋارىسلىق قىلدۇق ، ئۆينىمۇ بىز پۇل چىقىرىپ سېتىۋالدۇق . شۇڭا ، بۇ ئۆي بىزگە تەئەللۇق» دېدى ۋە ئۆي ـ مۈلۈك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ ئاپامغا كۆرسەتتى . ئاپام ئۆي ـ مۈلۈك گۇۋاھنامىسىدىكى مېنىڭ ئىسمىمنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا چىرايلىرى تاتىرىپ ، كالپۇكلىرى لىپىلداپ بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي قالدى . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاپام ئاچا ـ ئىنى ئۈچىمىز ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنۇپتۇ .»

«قانۇن بويىچە بولغاندا ، — دېدى ليۇمىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ، — ئاپامدا لى بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش ھوقۇقى بار ، چۈنكى ئۇلار قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇنلاردە . مېنىڭ دادامنىڭ ئۆيىگە ۋارىسلىق قىلىشىمغا دۆلەتنىڭ سىياسىتى يول قويغان ، يەنە كېلىپ بۇ ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى مەن پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان ، ئۆي ئەلۋەتتە پۇل چىقارغۇچىغا تەئەللۇق بولىدۇ . بۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت . شۇڭا ، ئاپىمىزنىڭ ئاچا ـ ئىنى ئۈچىمىز ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىشى ھەقىقەتەن يولسىزلىق .»

دېلوغا ئالاقىدار بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئۆزلىرىگە يارىشا ئاساسلىرى بار ئىدى . مەن بۇ ئىككى دېلوغا مەسئۇل سودىيە بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئەھۋال ئىگىلىگىنىمدە ، سوتچى ماڭا مۇنۇلارنى دەپ بەردى : «ھازىر دۆلىتىمىزدە ياشانغانلارنىڭ قايتا نىكاھلىنىشى مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆيگە ئالاقىدار نۇرغۇن ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۇ ، دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئامىمىنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ سۇسلىقى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك . بولۇپمۇ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادقا ئالاقىدار قانۇن ئېڭى تېخىمۇ كەم . مەسىلەن ، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىدىن ، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىدىن ياكى قان ـ قېرىنداشلار ئۆزئارا پۇل قەرز ئېلىشتا تىلخەت يازدۇرۇۋېلىش بىرخىل باغرى تاشلىق ، دەپ قارىلىپ كەلگەن . شۇڭا ، دەۋا ـ ئەرزلەردە كۆتۈرۈپ چىقىلىدىغان ئىسپات بولمىغاچقا ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆيلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە ، نۇرغۇن كىشىلەر ، پۇل چىقارغاندىكىن ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ كېلىۋاتىدۇ .

بۇ ئىككى دېلو دەرۋەقە ھېسسىياتقا بېرىپ تاقىلىدىغان ، بىر نېمە دېيىش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدىغان مەسىلە . جاڭ ۋېندا لى بوۋاينىڭ ئۆيىگە ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملىق ئولتۇرۇش ھوقۇقى بولامدۇ ـ يوق ؟ جاڭ ۋېننىڭ ئوغلىنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك گۇۋاھنامىسىدىكى ئىسمىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىشى كېرەكمۇ ـ يوق ؟ جاڭ ۋېندا ئىلگىرىكى ئېرىدىن قالغان ئۆيدە ئولتۇرۇش ھوقۇقى بارمۇ ـ يوق ؟ بۇ مەسىلىلەرنى سوت قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .»

بىراق ، مۇخبىر بولغىنىم ئۈچۈن ، كىشىلەرگە شۇنداق دەپ سەمىمىي مەسلىھەت بېرىمەنكى ، قانۇن ئېڭىڭلارنى ئۆستۈرۈڭلار ، قانۇننى ھەر بىر ئائىلىگىچە ئېلىپ كىرىڭلار .

## خاتىمە

جاڭ ۋېن ۋە لى بوۋاينىڭ بىرلىشىشى قانداقلا بولمىسۇن ، ئىككى ياشانغان ئادەمگە بىر مەزگىللىك بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىلغان ئىدى . ئەمما ، ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە ئۆتەلمىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ماقالىدە بايان قىلىنغان ئىككى قېتىملىق ھەق تەلەپ دېلوسى سادىر بولدى .

ياشانغانلارنىڭ قايتا نىكاھلىنىشى پەيدا قىلغان مال ـ مۈلۈك مەسىلىسىنى تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ھەل قىلىش لازىم . لى بوۋاينىڭ ئۆيىنى ئۇنداق ئاددىي ھالدا لى بوۋاي بىلەن جاڭ ۋېننىڭ ئورتاق مۈلكى دەپ قارىۋېلىشقا بولمايدۇ . بۇ ئۆينى لى بوۋاي ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى جاڭ ۋېنغا ئاتىۋەتكەنمۇ ئەمەس . لى بوۋاي جاڭ ۋېن بىلەن بىرگە ئۆتكەن مەزگىلدە توپلىغان مال ـ مۈلۈكنى ئايرىش توغرىلىق «مىراسخورلۇق قانۇنى » نىڭ 26 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئايرىش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىش لازىم . لى بوۋاينىڭ ئۆيى ئەمەلىيەتتە بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئايالىنىڭ ئورتاق مۈلكى بولۇپ ، بۇ ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى بوۋايغا ئايرىش كېرەك . قالغان يېرىمىغا لى بوۋاينىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ۋارىسلىق قىلىدۇ . لى بوۋاي مۇشۇ يېرىم ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېرىم مال ـ مۈلۈك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ . لى بوۋاي جاڭ ۋېن بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆينىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولىدىغانلىقى توغرىلىق كېلىشىۋالمىغان بولسا ، لى بوۋايغا تەئەللۇق شۇ يېرىم ئۆي ۋە مال ـ مۈلۈكنىلا لى بوۋاي ۋە جاڭ ۋېننىڭ ئورتاق مۈلكى ، دەپ قاراشقا بولىدۇ . بىراق ، نىمىلا دېگەن بىلەن جاڭ ۋېن لى بوۋاي بىلەن بەش يىل ئۆي تۇتقانلىقى ئۈچۈن ، لى بوۋايغا تەئەللۇق بولغان ھېلىقى يېرىم ئۆي ۋە يېرىم مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى جاڭ ۋېنغا بۆلۈپ بېرىشكە بولىدۇ . دېمەك ، جاڭ ۋېننىڭ ئىشلىتىش ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە ئۆينىڭ ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئىبارەت . ئەگەر جاڭ ۋېن بۇ تۆتتىن بىر ئۆلۈش ئۆيدە تۇرۇش ئەپسىز بولسا (ئەلۋەتتە لى بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرى جاڭ ۋېننىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك ) ، پۇلغا سۇندۇرۇپ ، لى بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرىگە سېتىپ بەرسە بولىدۇ . چۈنكى ، لى بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرى ئالدى بىلەن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە .

جاڭ ۋېننىڭ ئالدىنقى ئېرى بىلەن تۇتقان ئۆيى جاڭ ۋېن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئورتاق مۈلكى ھەمدە مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەن . ئەگەر جاڭ ۋېن ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇنىغان بولسا ، ئوغلى ئۆينىڭ يېرىمىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى جاڭ ۋېنغا ئايرىپ بېرىش كېرەك . جاڭ ۋېننىڭ پەرزەنتلىرى ئۆينىڭ قالغان يېرىمىغا ، يەنى مەرھۇم دادىسىغا تەئەللۇق بولغان مىراسىنىڭ يېرىمىغا مىراسخور بولالايدۇ . جاڭ ۋېننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقدارىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىۋېلىشتا قانۇنىي ئاساسىي بولۇشى كېرەك . يەنى ، ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەن بولۇشى ، تىزىملىتىش رەسمىيىتى ئۆتەشتە ئۆي ـ مۈلۈكنىڭ ئەسلىي ھوقۇقدارى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلغانلىق ئىسپات ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىشى لازىم . بولمىسا ، ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش تارماقلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرمەيدۇ . مۈلۈك ھوقۇقدارىنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىلمەي تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولۇنغانىكەن ، ھازىر تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندىن كېيىن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئاساس قىلىنىشى كېرەك .

ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولۇشىدا مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىغا تىزىملىتىلغان ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقدارى ئاساس . دېمەك ، مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدىكى تىزىملانغان ھوقۇقدار كىمكەن (گۇۋاھنامىدا كىمنىڭ ئىسمى بار ئىكەن ) ، ئۆي ـ مۈلۈك شۇنىڭ ، «ئۆينى سېتىۋېلىشتا كىم پۇل چىقارغان بولسا ئۆي شۇنىڭ بولىدۇ » دېيىشنىڭ قانۇنىي ئاساسىي يوق .

گەپنىڭ ئەسلىگە قايتساق ، جاڭ ۋېننىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدىكى ھوقۇقدارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئاپىسىنى بېقىش ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى بىكار قىلىشقا ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ . شۇڭا ، جاڭ ۋېن قايتىپ كەلسە باش تىققۇدەك جاينىڭ بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق . جاڭ ۋېننىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئەگەر ئۇنى بېقىش ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدىكەن ، قانۇن ھەرگىز يول قويمايدۇ .

**داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى**

# ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا ، كارخانا ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى




1986 ـ يىلى تاۋ مىڭ كەمدىن كەم ئۇچ- رايدىغان بىر پۇرسەتكە ئېرىشتى : ئەلا سۈپەت- لىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە داڭق چىقارغان شىخەنزە 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 1 ـ سەپتە ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن بىر تۈركۈمنى قوبۇل قىلماقچى بولدى . 1980 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ كەلگەن تاۋ مىڭ بەختكە يارىشا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلىپ شەھەرگە كى- رىپ ، بىر نازارەتچى ئىشچىغا ئايلاندى .

تاۋ مىڭنىڭ قولى ئالىي دەرىجىلىك قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇملىرىغا تەگكەندە ، ھاياجى- نىنى خېلى ئۇزۇنغىچە باسالماي ، مۇنۇلار كۆڭلىدىن كەچتى : بەلكىم كۇنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ مىتىرى نەچچە 10 يۈەنلىك ، 100 نەچچە يۈەنلىك بۇ يۇڭ رەختلەرگە ئىگە بولارمەن . ئۇ چاغدا بۇلار مېنىڭ سالاھىيىتىم ۋە بايلىقىم- نىڭ بىر تۈرلۈك بەلگىسى بولىدۇ .

تاۋ مىڭ بايلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سەككىز سائەتلىك خىزمەتتىن سىرتقى ۋاق- تىنى بېيىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پۇرسىتىنى ئىز- دەشكە سەرپ قىلدى . تاۋ مىڭنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدى .

ئامىڭ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ياش بولۇپ ، ئىشچان بولۇپلا قالماستىن ، يەنە زېرەك ۋە دادىل ئىدى . ئۇ ئۆزۈمچىدە ماشىنا ـ ئېلېكتىر سايمانلىرى تىجارىتى قىلىۋاتقان بولۇپ ، سودىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋا- تاتتى . تاۋ مىڭ ئامىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، ئايرى- لىپ كېتىشكە زادىلا ئۇنىمىدى . 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇلار بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ نىكاھ قەسرىگە قەدەم قويدى .

تويدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، تاۋ مىڭ

ئۆزىنىڭ ھەيز قەدرلىنىشىنىڭ ئۆزۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ دوختۇرغا كۆرۈندى ، ئەمما يېگەن دورا ۋە سالدۇرغان ئوكۇللارنىڭ ئازراقمۇ ئۈنۈمى بولمىدى . تاۋ مېڭ بارا ـ بارا ھالسىزلىنىپ ، ھاسىرايدىغان بولۇپ قالدى . شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىغا بېرىپ تەكشۈرتۈش بىلەنلا ، ئەسلىدە ئۇنىڭ بالىياتقۇ تىۋىتى راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى مەلۇم بولدى . بىر يىلدىن ئارتۇق داۋالاش جەريانىدا ، خىمىيىلىك داۋالاش سەۋەبىدىن تاۋ مېڭنىڭ قاپقارا چاچلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىپ ، تاقىر باشقا ئايلىنىپ قالدى . ئاخىرى راك كېسىلى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلەندى . تاۋ مېڭ ئالۋاستى غارىنىڭ ئالدىنى بىر ئايلىنىپ يەنە ساق ـ سالامەت قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان يورۇق دۇنياغا قايتىپ كەلدى .

بۇ بىر مەيدان ھاياتلىق ئىزدەش جېڭىدە ، داۋالىنىش ھەققى ئېقىن سۇدەك كۆپ تۆلەندى . ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان تاۋ مېڭنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ ئۇنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيتتى . بەختكە يارىشا ، تاۋ مېڭ ئىشلەۋاتقان كارخانا ئۇنىڭ ھاياتىغا يۆلەنچۈك بولدى . 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى تاۋ مېڭدىن ئىبارەت فابرىكىغا كىرگىنىگە ئەمدىلا بىر نەچچە يىل بولغان بۇ ئايال ئىشچىنىڭ بارلىق داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ھايات ئاتا قىلدى .

## كەيپ ـ ساپا ئۈچۈن ئائىلىدىن تېزىش

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تاۋ مېڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى . فابرىكا تەشكىلى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ، ئۇنى ئۆي ـ جاي باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئۆي ـ جايلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئورۇنلاشتۇردى . بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنى يەنە رەسمىي ھالدا قوغداش بۆلۈمىگە يۆتكەپ ، دەرۋازا بېقىش خىزمىتىگە قويدى . كونىلاردا «چوڭ بالا ـ قازادا ئامان قالغان ئادەمگە ھامان بەخت قۇشى قونار» دەيدىغان گەپ بار . ئىلگىرى بالىياتقۇ تىۋىتى راكىنىڭ ئازابىدىن نەچچە ئۆلۈپ ، نەچچە تىرىلگەن تاۋ مېڭ 1993 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ساغلام ئوغۇل بوۋاقتىن بىرنى تۇغدى .

ئوغلى ئەمدىلا قولدىن ئاجرايدىغان بولغاندا ، خىزمىتى يەڭگىل ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى تولۇق بولغان تاۋ مېڭدا ئاستا ـ ئاستا بىر تۈرلۈك ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئىستىكى تۇغۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تانسىخانىلارغا بېرىپ ئايلىنىپ يۈرۈشكە باشلىدى ھەمدە ئايلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ قالدى . ئۆزىنىڭ ئاشۇ تويماس نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئۇ يەنە ھەم پۇل تېپىشتىن ، ھەم كۆڭۈل ئېچىشتىن قۇرۇق قالمايدىغان ئامالنى تاپتى . ئۇ ئېرىدىن يوشۇرۇنچە تانسىخانىلاردا يات ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇشقا باشلىدى . يات ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇش قېتىم سانى كۆپەيگەنسېرى ، ئۇ پۇلنى شۇنچە كۆپ تاپتى ، ئەكسىچە ئار ـ نومۇس تۇيغۇسىنى شۇنچە يوقاتتى ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۇنۇتتى .

1996 ـ يىلى ، مەلۇم بىر كۈنى ئاخشىمى ، باشقىلارنى ئۆزىگە قاراتقۇدەك دەرىجىدە قويۇق گىرىم قىلغان تاۋ مېڭ تانسىخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ ئالىيۇنىڭ ئاپتوموبىلىغا ئولتۇردى . يات ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ ئادەتلەنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك ، تاۋ مېڭ ئاپتوموبىلغا چىقىپلا ئالىيۇ بىلەن چاقچاقلىشىشقا باشلىدى ھەمدە بىردەمدىلا ئىككىيلەن خۇددى نەچچە ئون يىللىق قەدىناسلاردەك يېقىن بولۇپ كەتتى . تاۋ مېڭ ئاپتوموبىلدىن چۈشىدىغان چاغدا ، ئالىيۇ ئۆزىنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى . شۇنىڭدىن تارتىپ ، دائىم ئاپتوموبىلدا ئاپىرىپ ـ ئەكىلىپ قويۇش ئارقىلىق ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ئۇتتەك قىزىپ كەتتى ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويدى .

ئامېڭ دەسلەپتە تاۋ مېڭنىڭ تانسىخانىغا بېرىشىنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىگەنىدى . كېيىنچە تاۋ مېڭنىڭ ئوينىغانسېرى تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشتى . تاۋ مېڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشقى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكىنىنى ئامېڭدىن يوشۇرۇپ قالالىغانلىقى ئۈچۈنلا ، جاڭجاللاشقاندا قىلچە يول قويمىدى ، توۋا قىلىشنى تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى . ئامېڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ گەرچە تاۋ مېڭنى كېسەل كارىۋىتىدىن يۆلەپ تۇرغۇزالىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى تانسىخانىلاردىن ۋە باشقا ئەرلەرنىڭ كارىۋىتىدىن

قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئېنىق تونۇپ يەتتى . شۇڭا ، ئۇ نەپرەتلەنگەن ھالدا نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلماقتىن باشقا ئامال تاپالمىدى .

تاۋ مېڭدا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھاڭدىن ئۆتۈۋېلىشقا مەدەت بەرگەن بۇ ئائىلىگە قارىتا ئازراقمۇ مۇھەببەت قالمىغان ئىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى پەقەت ئۆزىدىن ئالتە ياش كىچىك بولغان ئاشۇ ئالىيۇدىلا ئىدى . ئالىيۇنىڭ ياش ھەم قاۋۇل سىماسى كۆز ئالدىغا كەلسە ، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى . شۇڭا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە ئائىلىسى ۋە يالغۇز ئوغلىغا ئورۇن قالمىغانىدى .

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئامىڭ بىلەن تاۋ مېڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىردى . بۇ چاغدا تاۋ مېڭنىڭ ئالىيۇ بىلەن تونۇشقىنىغا تېخى بىر يىلمۇ بولمىغان ئىدى .

## ھاياسىزلارچە كەيپ - ساپا قىلىش

نىكاھتىن ئاجراشقان تاۋ مېڭ ئائىلىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ ، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان ئەركىن قۇشقا ئايلاندى ، ئالىيۇ بىلەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بىرگە بولدى ، قىلچە تەپ تارتمىدى . تاۋ مېڭنىڭ قايتا نىكاھلىنىش شارائىتى ھازىرلانغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ زادىلا ئالىيۇ بىلەن توي قىلىش نىيىتى يوق بولۇپ ، پەقەت ئالىيۇ بىلەن بىرگە يېتىپ ئەيش - ئىشرەت قىلىشنىلا خالايتتى . بۇ جەرياندىمۇ ئۇ يەنىلا تانسىخانىلاردا يات ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇش پۇرسەتلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قولدىن بەرمىدى .

ئالىيۇ گەرچە ئەمدىلا 20 نەچچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇ ئاللىقاچان ئىش كۆرگەن ئادەملەردىن ئىدى ، شۇڭا ئۇ تاۋ مېڭنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگەن بولغاچقا ، كۆڭلىدە تاۋ مېڭ بىلەن ئويناپ ھۇزۇرلىنىشنىلا ئويلايتتى . بۇنداق ئىككى ئادەم بىرگە بولسا ، تامامەن سەزگۈ ئەزاسىنىڭ غىدىقلىنىشىغا ئىنتىلىدىغان ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالاتتى . شۇڭا ، تەبىئىي ھالدا ئالىيۇمۇ تاۋ مېڭنىڭ قانداق ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلىقىنى زادىلا سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايتتى .

بۇ چاغلاردا 1 - ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى . بازار رىقابىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ ، بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ماڭمىسا بولمايدىغان يولغا ئايلىنىپ قالغانىدى . بىراق ، تاۋ مېڭ ئىلگىرى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى سەۋەبىدىن ، تەشكىل ئۇنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇۋەتمەيلا قالماستىن ، بەلكى 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنى ئىقتىساد ساقچىلىرى ئەترىتىگە يۆتكەپ ، ئىچكى خىزمەت ئىشلەشكە قويدى .

بىراق ، تاۋ مېڭ بۇ ئىللىق مېھىر - شەپقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا سېزىمىنى يوقاتقان ھالدا ھاياتىنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەردى .

1998 - يىلى ، خۇددى جاھانغا ئوت كەتكەندەك ئىسسىق بولغان بىر كۈنى ئاخشىمى ئىدى . بىر ئاممىۋى تانسىخانىدا تاۋ مېڭ بوي - بەستى قاملاشقان قاۋۇل كەلگەن ئاسەننى بايقىدى . تانسىخانىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ناھايىتى ئاسان ئىدى . شۇڭا ، تاۋ مېڭ ئاسەن بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم تانسا ئويناپلا ، ھاراق ئۈستىلىگە كېلىپ رومكا سوقۇشتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىپ ، تونۇشۇپ كەتتى . ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئوتتەك قىزىپ كەتتى .

تاۋ مېڭنىڭ كۆڭلىدە ئاسەن ياخشى ئىدى . چۈنكى ، ئاسەن كېۋەزلىكنى تۆت يىل ھۆددىگە ئالغان بولۇپ ، يانچۇقى ھەمىشە تومپىيىپ تۇراتتى . ئاسەننىڭ يەنە بىر سۆيۈملۈك تەرىپى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ بارلىق يانچۇقلىرىنى تاۋ مېڭ خالىغانچە ئاختۇرالايتتى . ئاسەن قانچىلىك پۇل ئېلىپ چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قايتىدىغان چېغىدا ئۇ ھامان تاۋ مېڭدىن ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش ئۈچۈن پۇل سورايتتى . تاۋ مېڭ بۇنداق پۇللارنى ئاسانلا تاپاتتى ھەمدە بازارنى بىرلا ئايلىنىپ تۈرلۈك داڭلىق كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلەرنى سېتىۋالاتتى - دە ، تېزلا تۈگىتەتتى . تاۋ مېڭ ئاسەننى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئالىيۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ئالىيۇ چاقىرسىلا ، تاۋ مېڭ بۇرۇنقىدەكلا

ئالىيۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقتى . ئالىيۇنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى .

تاۋ مېڭ بىر قېتىم ئالىيۇ بىلەن مەيخانىدا ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا ، يات ئەرلەرنى كۆتىدىغان ئالەن ئىسىملىك يەنە بىر خېنىمنى ئۇچرىتىپ قالدى . ئۇلار ئۇچى بىرلىكتە ھاراق ئىچكەندىن كېيىن تانسىخانىغا باردى . ئۇ يەردە بىردەم تانسا ئوينىغاندىن كېيىن ، كارا OK غا بېرىپ ناخشا ئېيتتى . ئۇ ئۇچەيلەن ئويناپ زېرىككەندىن كېيىن ئالىيۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ، بىرلىكتە ئالىيۇنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ دومىلىشىپ ياتتى...

نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ، تاۋ مېڭ ئاسەن بىلەن بىرگە بولدى ھەمدە ئۇچەيلەن بىر كارىۋاتتا دومىلىشىپ ياتقان ئىشنى ئاسەنگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىۋەتتى...

تاۋ مېڭ تېخى ئاسەن ، ئالىيۇلارنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى . ئاسەن ھەر قېتىم تاۋ مېڭنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان چاغلاردا ، تاۋمېڭغا بىر ئاخشامدىلا نۇرغۇنلىغان تېلېفونلار كېلەتتى . ھەر بىر تېلېفوننى ئالغاندا تاۋ مېڭنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ ، يېقىملىق ۋە تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەيتتى . ئاسەن تاۋمېڭنىڭ ئۆزى ۋە ئالىيۇدىن باشقا يەنە قانچىلىك ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى . بۇلارنى ئويلىسىلا ئاسەندە ئالدىنىپ زىيان تارتقانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى . ئەمما ، پەقەت تاۋ مېڭ چاقىرغۇ قىلسىلا ، ئۇ يەنە ھاپىلا - شاپىلا تاۋ مېڭنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئۈنەتتى . بۇنداق ئەھۋال بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ، ئاسەن ئۆزىنىڭ خۇددى بەز يەپ ئۆگەنگەن مۈشۈك گۆشنى كۆرسە نەپسى تاقىلداپ تۇرالمىغاندەك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى .

ئەمەلىيەتتە ، تاۋ مېڭنىڭ ئاسەن ۋە ئالىيۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر تۈرلۈك مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ھادىسىدىن ئىبارەت . ناۋادا شەھۋانىيلىقنىڭ چېكى بولمىسا ، چۈشكۈنلۈكنىڭ تېگى بولمايدۇ .

ئەيش - ئىشرەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئۈچ ئەر - ئايال مۇنداق بىر ئورتاق تونۇشقا ئىگە ئىدى : ئۇلار ئۆزلىرىدە ھېچنېمە كەم ئەمەس ، پەقەت پۇللا كەم دەپ بىلەتتى .

ئاسەن 450 مو يەردىكى كېۋەزلىكنى ھۆددىگە ئالغان تۆت يىل جەريانىدا 280 مىڭ يۈەن پۇل تاپقان بولۇپ ، ئەسلىدە كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كاتتا خوجايىنلىقىنى قىلىپ ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسە بولاتتى . بىراق ، ئۇ تاۋ مېڭنى ئاشنا تۇتقاندىن كېيىن ، پۇللىرىنىڭ ھەممىسى قانات چىقىرىپ پۇرقىراپ ئۇچۇپ كەتتى . ئاسەن ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرغىنىغا زادىلا تەن بەرمىدى ، ھەتتا چۈشىدىمۇ دەسمايىسىنى تولدۇرۇۋېلىشنى چۈشىدى . ئۇ شۇنچە كۆپ چارىلەرنى ئويلاپ باقتى - يۇ ، بىراق قايتىپ بېرىپ كېۋەز تېرىشنى زادىلا ئويلىمىدى .

ئالىيۇ تاۋ مېڭ بىلەن تونۇشۇپ بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ، تاكسى ئاپتوموبىلىنى سېتىۋېتىپ ئىشسىز ئادەمگە ئايلاندى . بىراق ، ئالىيۇ بىكار تۇرمىدى ، ئۇ بىر قانچە قېتىم موتسىكلىت ئوغرىلىدى ، ئوغرىلىقى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ نەپسى زادىلا تويمىدى . ئۇ تېزراق باي بولۇشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىماي باش قاتۇردى .

## پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىش

2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئاخشىمى ئالىيۇ 1 - ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا تاۋ مېڭنى ئىزدەپ كەلدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى :

— 1 - ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ يۇڭ رەختلىرى بەك پۇلغا يارايدۇ . بىز ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ چىقايلى .

— ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ ، ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكى ناھايىتى چىڭ قۇلۇپلانغان .

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ، ئۆزۈم ئامالىنى قىلىمەن .

2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ، تاۋ مېڭ دىجورنىلىك قىلىۋاتاتتى . ئالىيۇ ئۇسۇپ كىرىپ بىر نەچچە ئېغىز قورۇق پاراڭ سوققاندىن كېيىن ، ئەتىراپتا باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ پەس ئاۋازدا :

— ئىسكىلات قەيەردە ؟ — دەپ سورىدى .

ئىقتىساد ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ ئەزاسى

بولغان تاۋ مېڭ ئالىيۇغا يۇڭ رەختلەر ئىسكىلاتىنىڭ ئورنىنى ئېنىق دەپ بەردى . ئىككىنچى كۈنى ئىسكىلاتنىڭ چوڭ تۆمۈر قۇلۇپى بۇزۇلغانلىقى بايقالدى . قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاۋ جياڭسەي ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى قۇلۇپ ئالماشتۇرۇپ بولۇپ ، بۇزۇق قۇلۇپنى ئىشخانىغا قايتۇرۇپ كېلىپ قۇلۇپقا سىرىق موم كىرىپ قالغانلىقىنى بىلدى ھەمدە بۇزۇق قۇلۇپنى خىزمەت ئۈستىلىگە تاشلاپ قويدى . ئىسكىلاتقا يېڭى ھەم چوڭ تۆمۈر قۇلۇپ ئالماشتۇرۇلغاچقا ، بۇ بۇزۇق قۇلۇپ بىلەن ئەمدى ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى .

تاۋ مېڭ ئالىيۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ھېلىقى بۇزۇق قۇلۇپنى پەملەپ يۈردى ھەمدە ئادەم يوق بىر ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۇ بۇزۇق قۇلۇپنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئالىيۇغا تاپشۇرۇپ بەردى . ئالىيۇ كېچىچە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ، بۇزۇق قۇلۇپنىڭ ئۆلچەم تېپىنى ئېنىقلىدى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ھاپىلا ـ شاپىلا بىر تال ئاچقۇچ ياساپ چىقتى . ئۇنىڭ ياسىغىنى بىر ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ بولۇپ ، پەقەت ئوخشاش تىپلىق قۇلۇپلا بولىدىكەن ، ئالىيۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچالايتتى .

ئالىيۇ ئاچقۇچنى ياساپ بولغاندىن كېيىن يەنە تاۋ مېڭنى ئىزدەپ تېپىپ :

— ماڭا ئەمدى بىر ياردەمچى تېپىپ بەرگىن ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم يالغۇز قىلالمايمەن ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ئاسەننى تاپاي ، ھازىر مەن ئاسەن بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتىمەن ، ئۇ ماڭا زىيان يەتكۈزمەيدۇ ، ساڭىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدۇ .

بۇ ۋاقىتتا ئاسەن ئۈرۈمچىدە ئىدى . تاۋ مېڭ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ئۆزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . ئاسەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ ھامان شىخەنزىگە قايتىپ كەلدى .

ئاسەن ئىشىكتىن كىرىپ تاۋ مېڭنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ناز قىلىپ تۇرغىنىنى كۆردى ـ دە ، سەل خاپا بولۇپ :

— بۇ قانداق گەپ ؟ — دەپ سورىدى .

تاۋمېڭ خۇشال ھالدا :

— پۇل تېپىشنى خالامسىز ـ يوق ؟ — دەپ سورىدى .

— پۇل تېپىشنى خالىمايدىغان ئادەممۇ بارمىدۇ ؟ ئەمما ، بىرەر ئامالى بولۇشى كېرەكتە .

تاۋ مېڭ تولۇق ئىشەنچ بىلەن :

— ئىسكىلاتتىكى يۇڭ رەختلەرنىڭ ھەممىسى پۇل ، — دېدى .

ئاسەن چۆچۈپ كەتتى :

— ئۇ پۇللارنى ئېلىشقا بولمايدۇ . ئۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ .

تاۋ مېڭ تەمكىن قىياپەتتە :

— مەن ساڭا مۇنداقلا دەپ قويدۇم ، ئالامسەن ـ ئالمامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ، نامراتلىقتا ئۆتۈشنى خالىساڭمۇ ئىختىيارىڭ ، — دېدى .

— ئەمما ، مەندە جۈرئەت يوق ، يەنە كېلىپ ئۇنى ئېلىشنىڭ ئامالىمۇ يوق تۇرسا!

تاۋ مېڭ ئۈمىد بارلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم ھەم يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭغا ئالىيۇنىڭ ئىشىنى دەپ بەردى :

— بۇ ئىشتىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ ، پەقەت قىلىشنى خالىساڭلا ، ئالىيۇ ھەممىنى تەق قىلىپ قويىدۇ .

— يەنە شۇ ئالىيۇمۇ ، سىلەر بىللە بولغاندا ياخشى ئوينىغانسىلەر ھەرقاچان ؟

تاۋ مېڭ ھەر ئىككى ئەركەكنىڭ ئارقا ـ ئارقىلاپ بۇ ئىشنى سورىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۈندەشلىك قىلىشىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۆز مەنتىقىسىنى ئاسەنگە ئېيتتى :

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىشىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئۇ ماڭا زىيان يەتكۈزمەيدۇ ، ساڭىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدۇ .

ئاسەن قايتا زۇۋان سۈرمىدى . تاۋ مېڭ ئۇنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلىپ ، شۇ ھامان ئالىيۇنى چاقىرغۇ قىلىپ چاقىرتىپ كەلدى ـ دە ، ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ھەر بىر قەدەم باسقۇچى ۋە ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىنى ئىنچىكە مەسلىھەتلەشتى .

شۇنىڭدىن كېيىن 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئايغا قەدەر ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى شەنبە كۈنى ئاخشىمى ، ئالىيۇ ئىجارىگە ئالغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قوروق تېمىنىڭ دالىدا

يېرىگە كېلىپ توختاتتى . ئاسەن ئالىيوغا ئەگىشىپ كەلدى ھەمدە بىرلىكتە قورۇق تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ ، 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىچىگە كىردى . ئالىيۇ ئۆزى ياسىغان ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ ئارقىلىق ئىسكىلاتنىڭ چوڭ تۆمۈر قۇلۇپىنى ئاچتى ھەمدە ئەڭ يېڭى ، ھەم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەھسۇلات—يىپەك شاھى بىلەن بايستىن جەمئىي 30 توپنى ئوغرىلاپ كەتتى .

ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان يېرى شۇكى ، ئاز كەم 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 30 توپ ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ رەخت ئوغرىلانغان بولسىمۇ ، 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ساقچىغا مەلۇم قىلمىدى .

## قورال سېتىۋېلىش كويىغا كىرىش

30 توپ يۇڭ رەختنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىنمۇ 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ھېچقانداق ئىنكاس پەيدا بولمىغاندىن كېيىن ، ئۇچەيلەننىڭ جىددىيلەشكەن يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى . بولۇپمۇ بىر قىسىم يۇڭ رەختنى بىر تىككۈچىلىك دۇكىنى ئارقىلىق نەق پۇلغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ، بۇ ئۇچەيلەن تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ كەتتى . بىر كۈنى ئۇچەيلەن بىر يەرگە جەم بولغاندا ئالىيۇ مۇنداق دېدى :

— يۇڭ رەختنىڭ ئېپىنى قىلىش بەك ئاۋارىچىلىق ئىكەن ، ئۇنى ساتسىمۇ پۇلغا يارىمايدىكەن . ئەگەر بىرەر ئورۇننىڭ پاختا پۇلىنى بۇلاپ ئالالىغان بولساق ئاندىن پۇخادىن چىقاتتۇق . ئۇ چاغدا بىر قېتىمدىلا بىر مىليون ياكى 10 مىليون قولغا چۈشەتتى .

— ئۇ ئىشنى قورال بولسا قىلغىلى بولىدۇ ، — دېدى تاۋ مىڭ .

— بىز قورال تاپايلى ، — دېدى ئالىيۇ ، — جەزمەن ئىككى دانە قورال تاپايلى . لاپ ئۇرغانلىق ئەمەس ، ئەگەر بىر قانچە چوڭ ئىشنى كېلىشتۈرۈپ قىلىدىغان بولساق ، ج خ خادىملىرى بىزنى ھەرگىز تاپالمايدۇ .

بۇ ئۇچەيلەن سۆزلىرىدە ھەمتاۋاق بولۇشقاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان يارامسىزلار ياكى كاللا كېسەرلەر بولغانلىقتىن ، قورال تېپىش ئىشىغا ناھايىتى تېزلا ئامال چىقتى . ئالى ئىسىملىك ئۇچكە ھەمراھ بولغۇچى بىر خېنىم ئۇلارغا :

— جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ليۇخې ناھىيىسىدىكى ئاۋېي قورال ساتىدىغان ئادەمنى تونۇيدۇ ، — دېدى .

ئۇچەيلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، ئۇلار ئالىغا يول باشلاتقۇزۇپ ، ئۇدۇل ليۇخې ناھىيىسىگە قاراپ قورال سېتىۋېلىشقا ماڭدى .

ئۇلار جياڭسۇدىكى ليۇخېغا يېتىپ بېرىپ ، ھېلىقى تونۇشتۇرغۇچى ئاۋېينى تاپتى . ئاۋېي ئۇلارغا :

— ھازىر قورال ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بېرىلىۋاتقاچقا ، مېنىڭ ئۇ دوستلىرىم ئوتتۇرىغا چىقىشقا پېتىنالمايدۇ ، شۇڭا ھازىرچە ئۇنى ئالالمايسىلەر ، — دېدى .

ئۇچەيلەن قورالنى قولغا كىرگۈزمىگىچە زادى بولدى قىلمايمىز ، دېگەن نىيەت بىلەن يەنە بىر قانچە كۈن كۈتۈپ تۇردى .

بىر كۈنى ئالىيۇ ئىلگىرى تاۋ مىڭ بىلەن بىرلىكتە





ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ دومىلىشىپ يېتىپ ئۇخلىغان ئالەننىڭ چۆڭچىكدىن ئۇرغان تېلېفوننى ئالدى . ئالەن قورالدىن ئىككى داننى سېتىپ ئاللايدىغانلىقىنى ، نەق پۇل تۆلىسە مالنى تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئالىيۇ شۇھامان ئۆزى يالغۇز چۆڭچىكغا بېرىپ ئالەننى تېپىشنى ، قورالنى قولغا كىرگۈزمىگىچە شىنجاڭغا قايتىپ بارماسلىقنى قارار قىلدى .

ئالىيۇ چۆڭچىكغا كەتكەندىن كېيىن ، تاۋ مېڭ بىلەن ئاسەن خېنەنگە قاراپ يولغا چىقتى .

2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالىيۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى . ئۇ ئۆزىدىن ئاۋۋال قۇرۇق قايتىپ كەلگەن تاۋ مېڭغا مۇنداق دېدى :

—قورالدىن بىرنى ئېلىپ كەلدىم . يەنە بىر دانىسىنىڭ پۇلىنىمۇ تۆلىۋەتتىم . كۆزدە ھەرىكەتنى باشلاشتىن بۇرۇن ئالەن قورالنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

بۇ ۋاقىتتا بىر قانلىق بۇلاڭچىلىق دېلوسىنىڭ تەييارلىقى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەن بولۇپ ، پەقەت كۆزدىكى پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغان پەيتتە ، پاختا پۇلىنى يالاپ ماڭغان ئاپتوموبىلنى قارىغا ئېلىپ قورالنىڭ تەپكىسىنى بېسىشنى كۈتۈشلا قالدى .

## تورغا چۈشۈش

ئاچكۆزلۈكتە چېكىدىن ئاشقان بۇ ئۈچ ئوغرى پاختا پۇلىنى بۇلاپ ئېلىپ خەجلەيدىغان كۈن يېتىپ كەلگىچە زادىلا تەخىر قىلىپ تۇرالمىدى . شۇڭا ، ئۇلار كۆزلۈك يېغىمدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئايدىمۇ بىكار تۇرمىدى .

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ بىر مەھەل سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى . يېرىم كېچە بولغاندا ئالىيۇ مىنىبۇسنى ھەيدەپ ، تاۋ مېڭ بىلەن ئاسەننى ئېلىپ ، يەنە تۇيدۇرماستىن ئايلىنىپ مېڭىپ 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىسكىلاتىنىڭ قورۇق تېمى سىرتىغا يېقىنلاپ كەلدى . تاۋ مېڭنى ماسلىشىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئالىيۇ بىلەن ئاسەن يەنە تامدىن ئارتىلىپ كىردى . ئۇلار ھازىر يۇڭ رەختلەر ئىسكىلاتىغا كىرىدىغان يول ۋە ئىشىكنى بەش قولدەك پىششىق بىلگەچكە ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماستىنلا 59 توپ سارجىنى ئوغرىلاپ كەتتى . زور ئولجا بىلەن قايتقاندا ، ئۇلار يامغۇر ياغقان نەم يەردە ئاپتوموبىل چاقىنىڭ روشەن ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتتى .

ئەگەر مۇشۇ قېتىم ساقچىغا مەلۇم قىلىپ ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈلگەن بولسا ، دېلو بىر قەدەر ئاسان پاش قىلىنغان بولاتتى ، چۈنكى زامانىۋى تەكشۈرۈش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ھېچقانداق ئىز قالدۇرۇلمىغان دېلولارنىمۇ پاش قىلغىلى بولغان يەردە ، تاۋ مېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئېنىق ئاپتوموبىل ئىزى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ دېلوسىنى پاش قىلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى . بىراق ، تەكشۈرۈشكە ئامال بولماي قالدى ، چۈنكى ئىسكىلات مۇدىرى :

—بىر نەرسە يوقالماپتۇ ، ھېچقانداق نەرسە يوقالماپتۇ ، بىزنى پەقەت ئورۇنسىز ساراسىمىگە ساپتۇ ، —دەپ تۇرۇۋالدى .

پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر بىر چوڭ كارخانىنىڭ ئىسكىلاتىغا كىرىپ 59 توپ سارجىنى ئالغاندا ، خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ نەرسە ـ كېرەك ئالغاندەكلا ، ھېچقانداق توسالغۇغا ۋە خەتەرگە يولۇقمىغانلىقتىن ئىبارەت بۇنداق ئامەت ئۈچ نەپەر ئوغرىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش پىسخىكىسىغا شەكسىز ھالدا يەنە بىر قېتىم زور ئىلھام ئاتا قىلدى . شۇڭا ، ئۇلار ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمايتتى .

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، بۇمۇ بىر شەنبە كۈنى ئىدى . يېرىم كېچە سائەت بىرلەر ئەتراپىدا ، ئالىيۇ ئۆزىنىڭ مىنىبۇسىنى ھەيدەپ ، تاۋ مېڭ بىلەن ئاسەننى ئېلىپ يەنە ئىشنى باشلىدى .

ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، ھېماتىمىز بار دەپ ئەندىشىسىز ھالدا قورۇق تامغا 30 سانتىمېتىرلىق چاسا تۆشۈكتىن بىرنى تەشتى ـ دە ، ئۆچەيلەن شۇ يەردىن فابرىكا ئىچىگە كىرىپ ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . تاۋ مېڭ كەسىپ ئەھلىنىڭ قىلىپ يىپەك شاھى ، بايىسىت قاتارلىق قىممەت باھالىق ھەم داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى تاللاپ بەردى . قالغان ئىككىيلەن بولسا تاللانغان يۇڭ رەختلەرنى بۇ زور ئىسكىلاتنىڭ ئىچىدىن ئىشىك تۈۋىگە يۆتكەپ كەلدى . ئاندىن ئۇلار جەمئىي 69 توپ يۇڭ رەختنى تاللىۋالدى . يۇڭ رەختلەر ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ، ئۇلار يۇڭ رەخت توپلىرىنى پەلەي بىلەن قۇچاقلاپ كۆتۈرەلمىگەنلىكتىن ، پەلەيلىرىنى سېلىۋەتتى ھەمدە يۇڭ رەختلەرنى مال قاچىلايدىغان قول ھارۋىسىغا سېلىپ ئىشىك ئالدىغا توشۇدى . ئۇلار ئىسكىلاتنىڭ ئىشىك بېشىدىكى چىراغنىڭ بەك يورۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى . ئۇلار قول ھارۋىسىنى قورۇق تامدىكى چاسا

تۆشۈك ئالدىغا ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ، يۇڭ
رەختلەرنى يۆتكەپ بولۇپ ، ئىككىنچى قېتىم يۇڭ رەخت
يۆتكەشكە بارغان ۋاقتىدا ، قۇرۇق قول هارۋىسى ئىچىدىكى
قاڭالتىر تاختاي تاراڭ - تۇرۇڭ قىلىپ قاڭقىپ كەتتى .
ئەل ئايىغى بېسىققان تۈن نىسبىدە چىققان بۇ سادا قۇ-
لاقنى يارغۇدەك قاتتىق ياڭراپ كەتتى . ئالىيۇ دەرھال يەردە
يېتىپ قول هارۋىسىنىڭ قاڭالتىر تاختىيىنى ئىككى
قوللاپ مەھكەم تۇتتۇۋالدى ، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سادا
بېسىقتى . دەل شۇ پەيتتە ، دىجورنىلىق قىلىۋاتقان مۇ-
ھاپىزەتچى ياڭ چىڭشياڭ يېقىن ئەتراپنى چارلاۋاتقان بو-
لۇپ ، ئۇ ئىسكىلاتنىڭ ئىشىك بېشىدىكى بىخەتەرلىك
چىرىغىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ چا-
تاقلىقىنى سەزدى - دە ، تېزدىن يېتىپ كېلىپ 5 - نو-
مۇرلۇق ئىسكىلات ئىشىكىنىڭ يالغاندىن ئېتىپ قويۇل-
غانلىقىنى ، ئىككى دانە چوڭ تۆمۈر قۇلۇپنىڭ ساپ - ساق
ھالەتتە يەرگە قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى .

ياڭ چىڭشياڭ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ
كەتتى - دە ، يۇگۇرگەن پېتى مۇھاپىزەتچىخانىغا بېرىپ
شى سۇڭخۇا ئىسىملىك يەنە بىر مۇھاپىزەتچى بىلەن
بىرلىكتە تېزدىن قوغداش بۆلۈمىگە ئۇقتۇرۇش قىلدى
ھەمدە «110» غا تېلېفون قىلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلدى .

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت تۆتتىن 30
مىنۇت ئۆتكەندە ، شەھەر رايونى ج خ شۆبە ئەترىتىنىڭ
جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ تەھقىقلە-
گۈچى خادىملىرى «110» قوماندانلىق مەركىزىنىڭ بۇي-
رۇقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ، شۇ ھامان نەق مەيدانغا يېتىپ
باردى . ئۇلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسكىلات
ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقى ، ئىككى دانە چوڭ تۆمۈر
قۇلۇپنىڭ ساپ - ساق ئىكەنلىكى ، ئىشىكنىڭ ئىچىدە
ئوغرىلاپ كېتىشكە ئۇلگۇرمىگەن 34 توپ يۇڭ رەختنىڭ
تاشلاپ قويۇلغانلىقى ، ھويلىدا ئىسكىلات مەخسۇس مال
قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر دانە قول هارۋىسىنىڭ
تاشلاپ قويۇلغانلىقى ، ئىسكىلاتقا 50 مېتىردەك كېلىدى-
غان جايدىكى قىزىل خىشلىق قورۇق تامدا 30 سانتىمې-
تىرلىق بىر دانە چاسا تۆشۈكنىڭ بارلىقى ، تۆشۈكنىڭ
ئەتراپىدا 14 توپ يۇڭ رەختنىڭ بارلىقى ، تۆشۈكنىڭ
سىرتىدىكى چوڭقۇر ئۆستەڭ ئىچىدە 21 توپ يۇڭ رەخت-
نىڭ تۇرغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا جەم-
ئىي 69 توپ يۇڭ رەخت بولۇپ ، قىممىتى 200 مىڭ
يۈەندىن ئاشىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايقىدى .

نەق مەيداننى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوغرىلارنىڭ
مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى . ئىسكىلاتنى
ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق باشقا 70 توپ يۇڭ رەخت-
نىڭ يوقالغانلىقى بايقالدى . ھېسابلاش ئارقىلىق ئىلگە-
رى - ئاخىرى بولۇپ جەمئىي 158 توپ يۇڭ رەختنىڭ يو-
قالغانلىقى ، بۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 589 مىڭ
يۈەندىن ئاشىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى . ئىشچى - خىزمەت-
چىلەر بۇ ئەھۋاللاردىن ناھايىتى تېزلا خەۋەر تاپتى . فاب-
رىكا ئۇزۇندىن بۇيان روناق تاپالماي كەلگەن بولۇپ ، بى-
رىنچى سەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنىمۇ
ۋاقتى - ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرەلمەيتتى ، بەزى ئائىلىلەر-
دىكى 3 - 4 جان ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ئىش ئورنىدىن
قالدۇرۇلغان ئىدى . مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ئىچىدە
تىركىشىۋاتقان بىر كارخانا ئالاھىدە زور ئوغرىلاشقا ئۇچ-
رىغانلىقى ئۈچۈن ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتتىق غە-
زەپلىنىپ ، ج خ ئورۇنلىرىدىن بۇ دېلونى تېزدىن پاش
قىلىپ ، ئوغرىلارنى بالدۇرراق قولغا چۈشۈرۈشنى ھەمدە
قاتتىق جازالىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلدى .

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان
پەيتتە ، قىلچە تەپ تارتماستىن ئېقىمغا قارشى ھالدا بۇ
دېلونى سادىر قىلغۇچىلارغا قارىتا غەزىپى قايناپ - تاشقان
ج خ خەلق ساقچىلىرىمۇ مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئوغرىلارنى
جەزمەن تۇتۇشقا بەل باغلىدى .

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت ئوندا ، شەھەر رايونى ج خ
شۆبە ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خىزمىتىگە
مەسئۇل ساقچىلىرى بىلەن كارخانىنىڭ ئالاقىدار خادىم-
لىرى قاتناشقان دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش جىددىي
يىغىنى ئېچىلىپ ، دېلو ئەھۋالى ئەستايىدىل تەھلىل
قىلىندى ھەمدە جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەتر-
ىتىنىڭ يېتەكچىسى لى جياڭبىننى گۇرۇپپا باشلىقى
قىلغان ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا 4 - ئوتتۇرا ئەترىتى
10 - رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكى تەھقىقلىگۈچى خادىملارنى
ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا «1 - ئىيۇل» مەخسۇس دېلو
گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، تەھقىقلەشنى دەرھال قانات يايدۇ-
رۇش قارار قىلىندى .

تاۋ مېڭنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق
بولدى . ئۇ تەھقىقلىگۈچى خادىملارغا ياردەملىشىپ ئۆي-
لىرىنى تازىلاپ بەردى ، ئورۇن - كۆرپىلىرىنى راسلاپ
بەردى ، ئىشلارنى ناھايىتى پۇختا ، چاققان ۋە ئىدىتلىق
قىلدى ، ئۇ تەھقىقلىگۈچى خادىملاردىن يىراقلاپمۇ

كەتمىدى ، ئۇلارغا يېقىنلاپمۇ كەتمىدى . مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچسا ، ئۇ ياندىكى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۈنچىقماستىن ئولتۇردى . يېرىم كېچە بولغاندا ، ئالىيۇ بىلەن ئاسەنگە تەھلىل قىلىش يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن خەۋەر بەردى .

شۆبە ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقى ئاستىدا ، لى جياڭبىن قاتارلىقلار ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنى تەرتىپلىك زىيارەت قىلىپ ، يىپ ئۇچلىرىنى ئىزدىدى . مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئىككى دانە چوڭ قولۇپنىڭ نورمال ئېچىلغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ دېلو ئىچكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ ئەمەس ، دەپ قارىدى . ئارقىدىنلا دەرھال 19 نەپەر ئىسكىلات ساقلىغۇچى ۋە مال توشۇغۇچىنى تەكشۈرۈپ ، ئۇلارغا بولغان گۇماننى بىر ـ بىرلەپ رەت قىلدى .

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تېخنىكىسى مۇدىرى چېن فېڭيەن ئىلمىي تېخنىكىلىق باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ :

ـــ ئىككى دانە چوڭ قۇلۇپ ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچتا ئېچىلغان ، ـــ دېدى .

بۇ باھالاش نەتىجىسى دېلو ئەھۋالىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى . ئىچكى ـ تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ ، ئېقىپ يۈرۈپ دېلو سادىر قىلغانلىق ئېھتىمالى زور بولۇپ ، بۇ ھال تەھقىقلەشنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى . مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن جاۋبىن دەرھال يولىيورۇق بېرىپ :

ـــ رازۋېدكا لايىھىسى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىلسۇن ، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ساقچىلار ۋاقتىدا تەڭشەلسۇن ، تەھقىقلەش دائىرىسى كېڭەيتىلسۇن ، ـــ دېدى .

شۇ ھامان مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ جەڭگە ئاتلاندى . بىرىنچى يولدىكىلەر نەق مەيداندىكى ئاياغ ئىزلىرىغا ئاساسەن ، بازارلارغا بېرىپ دېلو سادىر قىلغۇچىلار كىيگەن ئاياغلارنى تەكشۈردى ؛ ئىككىنچى يولدىكىلەر قول ھارۋىسىدا قالدۇرۇلغان بارماق ۋە ئالقان ئىزلىرىغا ئاساسەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈردى ؛ ئۈچىنچى يولدىكىلەر فابرىكىدا قېلىپ داۋاملىق ھالدا چوڭقۇرلاپ تەكشۈردى .

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاتتىق يامغۇرلۇق كۈن ئىدى . چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى جىددىي ۋە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە ، ئاخىرى قىممەتلىك بار يىپ ئۇچىدىن بىرى چىقىپ قالدى . ئىسكىلات ساقلىغۇچىلاردىن بىرى ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ :

ـــ بىر نەپەر ياش مەندىن بايسىت ماركىلىق يۇڭ رەختنىڭ باھاسىنى سورۇشتۇرگەن ئىدى ، ـــ دېدى .

رازۋېدكىچىلار باشلىقى لۇ يوجۇن قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماستىن ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەپ ، ئاخىرى يۇڭ رەختنىڭ باھاسىنى سورۇشتۇرگەن ھېلىقى ياشنى تاپتى . گۇرۇپپا باشلىقى لى جياڭبىن ئۇ ياش بىلەن ئۆزى بىۋاسىتە سۆزلەشتى . ئۇ ياش بىردەم تىلىنى چاينىغاندىن كېيىن زۇۋانغا كېلىپ :

ـــ ئاغىنەم سورۇشتۇرۇپ بەرسەڭ دېگەن ئىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا باشقىلار قەرزگە سۇندۇرۇپ تۆلىگەن يۇڭ رەخت بار ئىكەن ، ـــ دېدى . ئاخىرىدا ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ، ئىش ئورنى ، ئادرېسى ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەردى .

لى فېڭ قاتارلىق تەھقىقلىگۈچى خادىملار دەرھال ئۇ ئادەمنى ئىزدەشكە ئاتلاندى .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ، لى جياڭبىن ئىشخانىسىدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چوڭ يىغىنىدا سۆزلەش ئۈچۈن تېزىس يېزىپ ئولتۇراتتى . بۇ چاغدا يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

ـــ لى يېتەكچى ، يىغىن باشلىنىپ قالدى .

لى جياڭبىن بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ، يەردە ئايلىنىۋاتقان بىر جۈپ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ تاۋ مېلىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، «ھەئە» دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ يىغىنغا چىقىپ كەتتى .

يىغىندا لى جياڭبىن دېلو ئەھۋالىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، ج خ ئورگىنىغا ۋاكالىتەن ئىشچىلارغا دېلونى پاش قىلىش توغرىسىدىكى

قەتئىي ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ ئەتراپنى ياخشى كۆزىتىپ، پائال تۇردە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىپ:

— جىنايەتچىلەر بەلكىم بىزنىڭ ئارىمىزدا بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. ئارقىدىنلا يەنە تەھقىقلىگۈچى خادىملارنىڭ تېلېفون ۋە چاقىرغۇ نومۇرلىنى ئاممىغا ئېلان قىلدى.

تاۋ مېڭ لى جياڭبىنغا يېقىن ھەم ئۇدۇل جايدا تۇرغان ئىدى، ئۇنىڭغا ئاسمان چۆكىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغىن تۈگىشى بىلەنلا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. لى جياڭبىن سۆزلەۋاتقاندا، چاقىرغۇسى سايراپ «جىددىي ئەھۋال بار» دېگەن ئۇچۇر كېلگەنىدى. شۇڭا، لى جياڭبىن دەرھال مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىغا قايتىپ باردى. ئەسلىدە لى فېڭ ھېلىقى قولىدا قەرزگە سۇندۇرۇپ تۆلەنگەن يۇڭ رەخت بار ئادەمنى تاپقان ئىكەن. ئۇ ئادەم مۇنداق دېدى:

— يۇڭ رەختلەر شىخەنزە باش مەيدانى 6-شۆبىسىدىكى ئالىيۇنىڭ. ئۇ مېنىڭ نورغۇن كېپەتلىرىمنى يەۋالغانلىقى ئۈچۈن، يۇڭ رەختلەرنى قەرزگە سۇندۇرۇپ تۆلىگەن.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن جاۋۋېن دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يوليورۇق بېرىپ:

— ئالىيۇنى تېزدىن تۇتۇپ تەكشۈرۈڭلار، — دېدى.

بۇ ۋاقىتتا، دېلو پاش قىلىشقا بىرلىكتە ھەمكارلىشىۋاتقان يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاۋ جياڭسەي بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ:

— ئالىيۇ ۋە 121-تۇەندىكى ئاسەننىڭ فابرىكىمىزنىڭ ئىقتىساد ساقچىلىرى ئەترىتىدىكى ئىچكى خىزمەتچى تاۋ مېڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق، — دېدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تېزدىن ئالىيۇ ۋە ئاسەننىڭ كىملىكىنىڭ كۆپىيىسى بىلەن باشقا ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ، ئۇنى نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن دەلىل-ئىسپاتلارغا سېلىشتۇردى. نەتىجىدە، بوي ئېگىزلىكى ۋە يېشى ئۆزئارا ماس كەلدى. بولۇپمۇ ئالىيۇنىڭ ماتېرىيالى ئىچىدە تېزگىنلىنىدىغان تىغلىق ئەسۋابلارنى قانۇنسىز ئېلىپ يۈرگەنلىكىگە دائىر بىر پارچە ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بارماق ئىزلىرى نەق مەيداندىكى بارماق ئىزلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئادەم ۋە تاۋ مېڭ زور ئوغرىلىق گۇماندارلىرى، دەپ قارالدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىلەردە، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن ئۈچنى قۇردى. بىرىنچى گۇرۇپپىنى لى جياڭبىن باشلاپ، ئارىلىقى 100 كىلومېتىردەك كېلىدىغان 121-تۇەنگە ئاسەننى تۇتۇشقا ماڭدى؛ ئىككىنچى گۇرۇپپىنى ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى شى جيې باشلاپ، شىخەنزە باش مەيدانىنىڭ 6-شۆبىسىگە ئالىيۇنى تۇتۇشقا ماڭدى؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپىنى رازۋېدكىچىلار باشلىقى لۇ يۇجۇن باشلاپ، تاۋمېڭنى تۇتۇشقا ماڭدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن جاۋۋېن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى.

لۇ يۇجۇن تاۋمېڭنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئاچقۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ 13 توپ يۇڭ رەخت، نەچچە ئون دانە سېرىق مەزمۇندىكى سىنئالغۇ لېنتىسى، نەچچە ئون جۈپ قىممەت باھالىق، داڭلىق ئاياغ ...نى تاپتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئالىيۇ بىلەن ئاسەنمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا تورغا چۈشتى. ئالىيۇنىڭ ئۆيىدىكى ئاياغنىڭ ئىچىدىن ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ تېپىلدى. قازناق ئۆيدىكى دورا-دەرمەك خالتىسى ئىچىدىن قورال تېپىلدى. ئالىيۇ، ئاسەن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆيىدىن تېخى سېتىپ بولالمىغان ھارام مال — يۇڭ رەختلەر تېپىلدى.

بۇ دېلو پاش قىلىنغانلىقى ئۈچۈن 1-ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر شاد-خۇراملىققا چۆمدى. ئەمما، لى جياڭبىن 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەنىدى، ئۆزىنىڭ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان بۇ تۆت كۈن ئىچىدە توپتوغرا تۆت كىلوگرام ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

(ماقالىدىكى جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ ھەممىسىگە يالغان ئىسىم قوللىنىلدى)

**ئۆمەر نىياز تەرجىمىسى**



# ياشلىق باھارنى ساقلىغان قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل

شاڭ مۇ

1

1980 - يىلى كۈزدە جى يۈگېي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋاڭ پىڭخۇڭ خۇشاللىق ئىچىدە قوشكېزەك قىزلارغا ئاتا - ئانا بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭىغا چۈنخۇا، كىچىكىگە چيۇشى دەپ ئىسىم قويدى. شۇ چاغدا جى يۈگېي نەنچاڭ شەھرىدىكى «گەنشىڭ» خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا سېخ مۇدىرى، ۋاڭ پىڭخۇڭ «چاڭبېي» يېمەكلىكلەر شىركىتىدە كاسسىر ئىدى. پىلان ئىگىلىكى دەۋرىدە، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، تاپاۋىتى ئوبدان ئورۇنلاردىن بولغاچقا، جى يۈگېي خوتۇنىنىڭ قىرقى توشقاندىن كېيىن: «مېنىڭ مائاشىم سىزنى ھەم بالىلارنى بېقىشقا يېتىدۇ، سىز شىركەتتىن ئۇزاق مۇددەت رۇخسەت سوراپ، ئۆيدە بالىلارنى بېقىڭ!» دېدى. ۋاڭ پىڭخۇڭ بالا باققۇچى ياللىساممۇ پۇل خەجلەيدىغان گەپ دەپ ئويلاپ، رۇخسەت سوراپ، ئۆيدە بالىلىرىنى بېقىشقا باشلىدى.

كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، جاھاندىكى ئىشلاردا تولا ئۆزگىرىشلەر بولدى. بەش - ئالتە يىلدىن كېيىن، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرى روناق تاپماي، جى يۈگېينىڭ مائاشى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىشكە باشلىدى. ئائىلىدە تۇرۇۋاتقان ۋاڭ پىڭخۇڭ دەرھال بالىلارنى مەكتەپكە بېرىۋېتىپ، ئىشقا چۈشۈش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئورنىغا كەلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاللىبۇرۇنلا باشقا ئادەم ئىگىلەپ كەتكەنىدى. ئۇ رەھبەرلىكنى ئىزدەپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى چوشقا ئىسكىلاتىنىڭ زاپخوزلۇقىغا ئورۇنلاشتى.

تىنچ تۇرمۇش ئالتە - يەتتە يىل داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا چۈنخۇا بىلەن چيۇشىمۇ چوڭ بولۇپ لىۋەن قىزلارغا ئايلاندى. ئۇلار ئائىلىدە ئاتا - ئانىسىنى ئىززەتلەپ ئۆتسە، مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

چۈنخۇا بىلەن چيۇشى ھەقىقەتەن بەخت - سائادەتنىڭ ئىچىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. 1993 - يىلى يازدا خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى تاقىلىپ قالدى. زاۋۇت تاقالغان كۈنى، ئۇلار مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ خۇددى كىچىك بالىلاردەك يىغلاپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. جى يۈگېينىڭ ئىشداشلىرىنىڭ بەزىلىرى كىراكەشلىك بىلەن،

بەزىلىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ جان بېقىشقا باشلىغان
بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ياۋاش -
يۇمشاق جى يۇڭيى ھېچقانداق
ئىش قىلغۇسى كەلمەي ، يېرىم
يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆيدە تۇردى ،
بۇرۇن يىغقان ئازغىنە پۇلىنىمۇ
خەجلەپ تۈگىتەي دېدى . ۋاڭ
پىڭخۇڭ قايغۇرۇپ ، كۈن ئۆتكۈ-
زۈشنىڭ ئىلاجىسىنى قىلىش
ئۈچۈن تىت - تىت بولۇشقا باش-
لىغاندىلا ، جى يۇڭيى ئاندىن بىر
ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت سېتى-
ۋېلىپ كىراكەشلىك قىلىشقا
باشلىدى .

بىر يىلدىن كېيىن ۋاڭ پىڭ-
خۇڭ ئىشلەۋاتقان يېمەكلىكلەر
شىركىتىنى باشقىلار ھۆددىگە
ئالغاچقا ، ۋاڭ پىڭخۇڭ ئوشۇق
خادىم سۈپىتىدە قىسقارتىلىپ
ئۆيىگە قايتتى . ئۇ ئىشتىن قال-
دۇرۇلغىنىغا ئېرىگە ئوخشاش
ئۇنداق قايغۇرۇپ كەتمىدى ، چۈن-
كى شىركەت ئايدا ئۇنىڭغا 200
نەچچە يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرەتتى .
ئۇ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن
گەنجياڭ دەرياسىنىڭ بويىدا بىر
كىچىك دۇكان ئىجارە ئېلىپ تا-
ماكا ، ھاراق ، يېمەك - ئىچمەك
قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتتى .
گەرچە ئۇ ئەتىگەن بېرىپ كەچ
قايتىپ خېرىدارلارنىڭ مال سې-
تىۋېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسىمۇ ،
ئەمما ئاران قورساق باققۇدەك ،
كىيىم كەيگۈدەك تاپاۋەتكىلا ئىگە
بولۇپ يۈردى . جى يۇڭيىمۇ جې-
نىنىڭ بېرىچە ئۈچ چاقلىق ۋېلى-
سىپىتنى مىنىپ كىراكەشلىك
قىلىپ ، كۈنىگە ئاران 10 نەچچە
يۈەن كىرىم قىلدى . ۋاڭ پىڭخۇڭ
باشقىلارنىڭ تىجارەت بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ باي بولۇپ كونا ئۆي-
لەردىن ياسىداق بىنالارغا كۆچ-
كەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ تېخى-
چىلا كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆيدە
تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ ، ئېرىدىن «سەن پۇل تا-
پالمىغاچقا ، بىز جاپالىق تۇرمۇش
كەچۈرۈۋاتىمىز» دەپ ئاغرىنىشقا
باشلىدى .

شۇ يىلى قىش پەسلىنىڭ
مەلۇم بىر كۈنى چۈنخۇا بىلەن
چيۇشى مەكتەپتىكى كەچلىك
مۇزاكىرىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە
قايتىپ كېلىپ ، ئۆيدىكى جاھاز-
لارنىڭ ئۇڭتەي - توڭتەي تۇرغان-
لىقىنى كۆرۈپ ، دادىسى بىلەن
ئانىسىنىڭ جاڭجاللىشىپ قال-
غانلىقىنى پەرەز قىلىشتى . ئا-
تا - ئانىسى ئۆيدە يوق ئىدى .
قىزلار جوزا ئۈستىدىكى خەتنى
كۆردى . خەتتە ئانىسى : «قىزلى-
رىم ، مېنىڭ ياشىغۇچىلىكىم
قالمىدى ، مېنىڭ جەسىتىم
گەنجياڭ دەرياسىدا» دەپ يېزىلغا-
نىدى . قىزلار قورققىنىدىن قات-
تىق يىغلىغىنىچە ، گەنجياڭ
دەرياسى بويىغا چېپىپ بېرىپ ،
ئۆزىنى دەرياغا تاشلاشقا تەمشىلى-
ۋاتقان ئانىسىنى قايتۇرۇپ كەلدى .
يەنە سىرتتا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ
يىغلاپ ئولتۇرغان دادىسىنى تې-
پىپ كېلىپ ، بىر ھازا يالۋۇرۇپ
نەسىھەت قىلىپ ، ئاخىرى ئۇلارنى
پەسكويىغا چۈشۈردى .

شۇ كۈنى ئاچا - سىڭىل ئىك-
كىيلەن كېچىچە ئۇخلىيالماي ،
بىر قانچە يىل بۇرۇنقى خاتىرجەم
تۇرمۇشنى ئەسلەپ چىقتى . يې-
قىنقى يىللاردا ئائىلىسىدە يۈز
بەرگەن زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان باش جىنايەتچىنىڭ
پۇلدىن ئىبارەت ئالۋاستى ئىكەن-
لىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى . ئۇلار
كۆڭلىگە ، چوڭ بولغاندا ، چوقۇم
تىرىشىپ كۆپلەپ پۇل تېپىپ ،
ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى
تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە جاپالىق
ئۆتكۈزگەن دادىمىز بىلەن ئانى-
مىزنى ئوبدانراق تۇرمۇشقا ئې-
رىشتۇرىمىز ، ئائىلىمىزنى پۇل
قىسىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرىمىز !
دېگەننى پۈكۈشتى .

1996 - يىل يازدا چۈنخۇا بى-
لەن چيۇشى تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈردى . ئۇلارنىڭ
تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈشىگە 10
نەچچە نومۇر كەملەپ قالدى .
بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا ، بى-
رەيلەن 2000 يۈەندىن مەكتەپ
قۇرۇلۇشى پۇلى تۆلىسىلا تولۇق
ئوتتۇرىغا كۆچەلەيتتى . جى يۇڭ-
يى بىلەن ۋاڭ پىڭخۇڭ ئەر - خو-
تۇن ئىككىيلەنمۇ تىرىشىپ -
تىرمىشىپ بۇ پۇلنىڭ كويىنى
قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ ،
چۈنخۇا بىلەن چيۇشى چىڭ تۇرۇپ ،
ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىنى توس-
تى . ئۇلار : «دادا ، ئانا ، بىكار-
دىن - بىكار ئاۋارە بولماڭلار ،
بىزگە ئوقۇش ياراشمايدۇ ، بىز
تېزرەك جەمئىيەتكە چىقىپ ،
ئۆزىمىزنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق
پۇل تاپماقچىمىز !» دەپ تۇرۇۋال-
دى . ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كې-
يىن مەلۇم بىر ساۋاقدىشىنىڭ
ياردەم قىلىشى بىلەن ئۇلار
فۇجيەن ئۆلكىسى چۈەنجۇ شەھى-
رىگە كېلىپ بىر ئېلېكترونىك
دېتاللار زاۋۇتىدا ئىشلەمچى بولدى .

## 2

زاۋۇت چۇەنجۇ شەھىرىنىڭ
غەربىي شەھەر ئەتراپىدا بولۇپ ،
فىلىپپىندە تۇرۇشلۇق جۇڭگو
مۇھاجىرى لى جىڭفېڭغا تەۋە ئى-
دى . بۇ زاۋۇتنىڭ ئىش ۋاقتى
تەخمىنەن 10 سائەت ئىدى . ئىش
ۋاقتى ئانچە ئۇزاق بولمىسىمۇ ،
لېكىن كىشى بەك جىددىيلىشىپ ،
چارچاپ كېتەتتى . بىر ئاي ئۆت-
كەندىن كېيىن ، ئۇلار ئاران 350
يۈەندىن مائاشقا ئېرىشكەن بول-
سىمۇ ، لېكىن ئەزەلدىن ھېس
قىلىپ باقمىغان بىر مەمنۇنلۇق-
نى ھېس قىلىشتى ، چۈنكى بۇ
پۇل ئۇلار ئۆز قولى بىلەن تاپقان
پۇل ئىدى . ئۇلار بۇ پۇلنىڭ ئاز-
غىنە بىر قىسمىنى ئېلىپ قې-
لىپ ، قالغىنىنى ئاتا ـ ئانىسىغا
ئەۋەتىپ بەردى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇلار كۆپلە-
گەن ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ھەر
كۈنى تانسىخانىلارغا بېرىپ تانسا
سەتەڭلىرىدىن بولۇپ ئايدا 1000
يۈەنلەپ پۇل تاپىدىغانلىقى ، ئايرىم
قىزلارنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ
سىرتلاردا قونۇپ تېخىمۇ كۆپ
پۇل تاپىدىغانلىقىدەك بىر سىرنى
بايقاپ ، قىزىققان ھالدا مەلۇم بىر
تانسىخانىغا كېلىپ تانسا سەتەڭ-
لىرى ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا ئول-
تۇردى . ئۇلار ناھايىتى تېزلا
«مېھمان» لارنى ئۆزىگە جەلپ
قىلدى . مېھمانلار بىلەن بىر قول
تانسا ئوينىغاندىن كېيىن ، بىر-
لىكتە تانسىخانىنىڭ ئايرىم ئۆ-
يىگە كىرىپ كېتىشتى . چۈن-
خۇانىڭ مېھمىنى ئۇنىڭغا بىر ئاز
چاي پۇلى بەرگەندىن كېيىن ،
توختىماي چۈنخۇانىڭ ئۇيەر ـ بۇ-
يەرلىرىنى مىجىقلىغىلى تۇردى .
قورقىنىدىن چۈنخۇانىڭ بەدەن-
لىرى تىترەشكە باشلىدى . چيۇ-
شىنىڭ مېھمىنى ئۇنى : «كېچە-
چە مەن بىلەن بىللە بولۇڭ» دەپ
تۇرۇۋالدى ھەمدە 300 يۈەن بې-
رىشكە ۋەدە قىلدى . چيۇشى ئە-
زەلدىن ئۇنداق ئىشنى قىلىپ
باقمىغانلىقىنى ئېيتتۇېدى ، ئۇ
مېھمان : «ئۇنداقتا سىز قىز ئى-
كەنسىزدە ؟ 3000 يۈەن بەرسەم
ماقۇل دەمسىز ؟» دېدى . ئەمدىلا
ئۆيلىرىدىن ئايرىلغان بۇ قىزلار
ئەلۋەتتە مۇنداق ئىشنى قىلمايتتى .
ئۇلار پۇل تاپقىلى بولىدىغان ،
ئەمما كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان
بۇ جايغا لەنەت ئوقۇپ ، ئۇ يەردىن
يېنىپ چىقىپ ، ئۆزلىرى ئىجارە
ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيگە قايتىپ
كەلدى .

ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەيدى-
غان قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى يۆت-
كىلىپ كېتىشكەن بولسىمۇ ،
چۈنخۇا بىلەن چيۇشى يوقسۇل
بولغىنىغا قارىماي ، ئاشۇ زاۋۇتتا
ئىشلەۋەردى . بىر كۈنى لى جىڭ-
فېڭ بىر قانچە مېھماننى سېخنى
ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغىلى باش-
لاپ كىرگەندە ، بىر ـ بىرىگە بە-
ئەينى قويۇپ قويغاندەك ئوخشاي-
دىغان بۇ ئاچا ـ سىڭىل قىزلارنى
كۆرۈپ ، ئۇلارغا مەپتۇن بولۇپ
قالدى . ئۇ ھېلىقى مېھمانلىرىنى
يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن
سېخقا قايتىپ كېلىپ ، قىزلار
بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىپ ،
ئۇلارنىڭ قوشكېزەك ئاچا ـ سى-
ڭىل ئىكەنلىكى ، ئەمدىلا 17 ياشقا
كىرگەنلىكى ، جياڭشىدىن كەل-
گەنلىكىنى ئۇقتى . شۇندىن ئې-
تىبارەن ئۇ دائىم سېخقا كېلىپ
ئۇلارنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى
كۆرىدىغان ھەم ئۇلار بىلەن ئەھ-
ۋاللىشىدىغان بولۇپ قالدى . لى
جىڭفېڭ ئۇلارنىڭ سەممىمىي ،
سالماقلىقىغا ھەم جاپاغا چىداش
روھىغا ناھايىتى ئاپىرىن ئوقۇپ
كېتەتتى . چۈنخۇامۇ بۇ خوجا-
يىنىنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئوڭ
كۆزى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ئې-
نىق ھېس قىلدى ، چۈنكى ئۇ-
لارنىڭ مائاشىغا يەنە 300 يۈەن
كەسپىي قەدىرلەش مۇكاپاتى
قوشۇلغانىدى .

1997 ـ يىلى يازدا زاۋۇت ئىش-
خانىسىنىڭ كاتىپى توي قىلدى .
خوجايىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىك بو-
لىدىغانلىقى ھەم تۇغقاندا رۇخسەت
سورايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ،
بۇ جياڭشىلىق قىزلارنى ئۇنىڭ
ئورنىغا قويۇشنى قارار قىلغان
بولسىمۇ ، قايسىسىنى قويۇشنى
بىلەلمەي قالدى . شۇنىڭ بىلەن
ئۇ ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەننى
كومپيۇتېر شىركىتىگە تەربىيە-
لىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . ئۇلار
ئۈچ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ قاي-
تىپ كەلگەندە ، راست دېگەندەك
ئەسلىدىكى كاتىپ رۇخسەت سو-
راپ تۇغقىلى كەتتى . خوجايىن لى
جىڭفېڭ ئۇلاردىن : «قايسىڭلار
كاتىپلىق خىزمىتىنى بەك ياخ-
شى كۆرىسىلەر ؟» دەپ سورىدى .
ئۇلار ئەلۋەتتە بۇ خىزمەتنىڭ
سېختىكى خىزمەتتىن كۆپ يەڭ-
گىل ھەم كۆڭۈللۈك بولىدىغان-
لىقىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇلار
ئاچا ـ سىڭىل بولغاچقا ، بىر ـ

بىرىگە ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى . لى جىڭفېڭ : «ھەر ئىككىڭلار ياخشى ، بۇ قېتىم چۈنخۇا كاتىپلىق قىلسۇن ، چيۇشى ۋاقىتىنچە سىرتتا ئىشلەپ تۇرسۇن ، كېيىن ئۇنىڭغىمۇ پۇرسەت كېلىدۇ» دېدى .

ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەن سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىشقا كەتكەن يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە كۆڭۈلسىز ئىشلار تولا يۈز بەردى .

ئاۋۋال جى يۈگيى تىجارەت بېجى تاپشۇرمىغانلىقى ، ۋاڭ پىڭخۇڭ سۈپىتى ناچار جياڭيۇ ساتقانلىقى ئۈچۈن ، ھەر ئىككىلىسىگە جەرىمانە قويۇلدى . ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرى بىر قانچە يېرى چاك كېتىپ ، ئۆرۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ۋاڭ پىڭخۇڭ غەلىتە بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى . جى يۈگيى ئالدىنقى ئىككى ئىشنى قىزلىرىغا ئۇقتۇرمىدى . ئەمما ، خوتۇنىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى قىزلىرىدىن قانداقمۇ يوشۇرالىسۇن دەيسىز ؟

ئەمەلىيەتتە ، يېرىم يىل ئىلگىرى ۋاڭ پىڭخۇڭ بېشىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن زۇكامدىن بولغان بولسا كېرەك دەپ قاراپ ، پىسەنت قىلمىغانىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي بېشى قايدىغان بولۇپ قالدى . بىر كۈنى جى يۈگيى يۈك سۆرەپ ئۆزىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خوتۇنىنىڭ ئايلىنىپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ ۋاڭ پىڭخۇڭنىڭ بېشىنىڭ ئىچىدە ياڭاقچىلىك بىر ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ، ھەرقاچان جاننى ئېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ھەم دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇقتى . دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە ، مۇنداق ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى يۇقىرىراق بولغان دوختۇرخانا شاڭخەيدە بولۇپ ، تەخمىنەن 50 مىڭ يۈەن چامىسىدا خىراجەت كېتىدىكەن .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جى يۈگيى قورقۇپ قېتىپلا قالدى ! 50 مىڭ يۈەن ؟ بۇنچىلا كۆپ پۇلنى ئۇ قەيەردىنمۇ تاپار ؟ ئۇنىڭ قولىدا ئاران قىزلىرى ئەۋەتىپ بەرگەن بەش ـ ئالتە مىڭ يۈەنلا پۇل بار ئىدى . بىساتىنى ساتقان تەقدىردىمۇ ھەممە پۇل 10 مىڭ يۈەنگە يەتمەيتتى . ئۇ بىر قانچە تۇغقىنى ۋە ئاغىنىسىنى ئىزدەپ 2000 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل قەرز ئالدى . يەنە خوتۇنى بۇرۇن ئىشلىگەن ئورۇنغا بېرىپ يالۋۇرۇۋېدى ، ئۇ ئورۇننى كۆتۈرە ئالغان ئادەم ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . كوچا باشقارمىسى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىغا بېرىپ ، پەقەت ھېسداشلىققىلا ئېرىشتى . ئەمما ، ئۇ ئۆز خوتۇنىنىڭ تىرىك تۇرۇپلا ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشىگە قانداقمۇ چىدىيالايدۇ دەيسىز ! ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن قىزلىرىغا تېلېفون بەردى .

چۈنخۇا بىلەن چيۇشى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى . بىر ئىشلەمچى قىزنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 50 مىڭ يۈەن پۇلنى تاپالىشى ئاسان ئەمەس ـ تە ! ئۇلار يىغا ـ زارە قىلىشىپ بىر بىرىگە قارىشىپ ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . چيۇشى : «ئاچا ، سىز لى خوجايىن بىلەن ئوبدان تونۇشىسىز ، ئۇنىڭدىن قەرز ئالسىڭىز بولارمۇ ـ بولماسمۇ ؟» دېدى . چۈنخۇا : «شۇنداق قىلماقتىن باشقا چارە يوق ...بىراق ، ئەگەر ئۇ راستىنلا پۇل قەرز بېرىپ تۇرسا قانچە يىلدا قايتۇرۇپ بولارمىزكىن ؟» دېدى . چيۇشى : «پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىلا ياخشى بولغىنى ، ئانىمىزنىڭ كېسىلى ساقايسىلا ، بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن تانسىخانا قىزلىرىدىن بولۇپ پۇل تېپىپ قەرزنى قايتۇرۇۋېتەلەيمىز !» دېدى .

چۈنخۇا لى جىڭفېڭنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ گەپنى باشلاپلا يىغلاپ كەتتى . لى جىڭفېڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، ئۇنىڭغا 50 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ ، كەچتە كېلىپ پۇلنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، چۈنخۇا سىڭلىسىغا يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشنى جېكىلەپ ، ئۆزى لى خوجايىننىڭ داچىسىغا پۇل ئەكەلگىلى كەتتى . چيۇشى سائەت 11 گىچە ساقلىغان بولسىمۇ ، ئاچىسى قايتىپ كەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچىسىنى ئىزدەپ لى جىڭفېڭنىڭ ئۆيىگە كەلدى ، ئەمما ئۆيىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈك بولغاچقا ، ئۇ قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ ، ئۆيىنىڭ

ئىچىدىن لى خوجايىنىنىڭ كۆڭلۈ-
ۋاتقانلىقى ۋە ئاچىسىنىڭ بوش
ئاۋازدا «ۋايجان» لاۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ ، ئۆي ئىچىدە قانداق ئىش-
نىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى . ئۇ
يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ
كېلىپ يوتقان بىلەن بېشىنى
چۈمكەپ ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى .
بىردەمدىن كېيىن ، چۈنخۇا قاي-
تىپ كېلىپ ، گويا ھېچقانداق
ئىش بولمىغاندەك سىڭلىسىغا لى
خوجايىنىنىڭ پۇل قەرز بېرىپلا
قالماي ، يەنە بۇ ئىككىيلەننى ما-
شىنا بىلەن شيامىن ئايرودرومىغا
ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ، ئاي-
روپىلان بېلىتىنى ئۆز پۇلىغا
ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ...ئېيت-
تى ، چيۇشى ناھايىتى خۇشال
بولغاندەك قىلغان بولسىمۇ ، لې-
كىن ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قې-
تىدا ئاچىسى تارتقان تالاپەت ئۇ-
چۈن قانلىق ياش تۆكتى .

3

ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن
ئائىلىسىگە كېلىپ ئۆزلىرى
كېچە - كۈندۈز سېغىنغان ئانى-
سىنى كۆردى . كېسەللىك ئازا-
بىدىن ئۇلارنىڭ ئانىسى ھەم ئو-
رۇقلاپ ، ھەم قېرىپ ، جۇدەپ
كەتكەنىدى . ۋاڭ پىڭخۇڭ قىز-
لىرىنىڭ قوللىرىنى ئۆزىگە تارت-
قاندا ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قويۇ-
لۇپ تۇراتتى . ئۇ : «باللىرىم ،
مەن ساقايماس كېسەل بولۇپ
قالدىم ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى
خەجلەپ تۈگەتتۇق . سىلەر قاي-
غۇرماڭلار ، مەن ئۆلۈمىمنى كۈ-
تەي» دېگەندە ، ئاچا - سىڭىل
ئىككىيلەن : «سىزنى داۋالىتى-
مىز دەپ كەلدۇق ، سىز ئۇنداق
قاملاشمىغان گەپ-
نى قىلماڭ . بىز
سىزنى داۋالاتقۇ-
دەك پۇل ئېلىپ
كەلدۇق ، ئەتىلا
سىزنى شاڭخەيگە
ئاپىرىمىز !» دېدى .
ئۇلار ۋاڭ
پىڭخۇڭنى شاڭ-
خەيگە ئاپىرىپ
مېڭە تاشقى كې-
سەللىكلىرى
دوختۇرخانىسىدا
ياتقۇزدى .
ئوپېراتسىيە
ئىنتايىن مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك بول-
دى . ۋاڭ پىڭ-
خۇڭنىڭ سالامەت-
لىكىمۇ نىسبەتەن تېز ئەسلىگە
كېلىشكە باشلىدى . 20 نەچچە
كۈندىن كېيىن ، بىر ئائىلە كى-
شىلىرى خۇشال - خورام ھالدا
نەنچاڭغا قايتىپ كەلدى . لېكىن ،
جى يۈگيى بىلەن ۋاڭ پىڭخۇڭغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قىسقا ۋا-
قىتلىق خۇشاللىق ناھايىتى تېزلا
غەم - قايغۇنىڭ مۇھاسىرىسى ئى-
چىگە چۈشۈپ قالدى ، قىزلىرى
قەرز ئالغان 50 مىڭ يۈەن پۇل
خەجلىنىپ ناھايىتى ئاز قالدى .
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ، قىزلىرىمىز
بۇ پۇلنى قايسى يىل ، قايسى ئاي-
لاردا قايتۇرۇپ بولار ؟ دەپ غەم
قىلىشقا باشلىدى . چۈنخۇا بىلەن
چيۇشى ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇ-
رۇپلا يەنە جۇەنجۇغا قاراپ يول
ئالدى . ئۇلارمۇ قەرز قايتۇرۇش-
نىڭ يوللىرى ئۈستىدە باش قا-
تۇرۇپ ، ئاخىرى تانسىخانىلارغا
كەتكەن تونۇشلىرىنىڭ قېشىغا
بېرىپ قايسى «كەسىپ» بىلەن
پۇلنى تېز تاپقىلى بولىدىغانلى-
قىنى ئۇقۇش قارارىغا كەلدى .
قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلارغا
بۇنىڭدىن باشقا يول قالمىغانىدى .

ئۇلار زاۋۇتقا قايتىپ بېرىش
بىلەنلا ، لى جىڭفېڭ ئۇلاردىن
«ئاناڭلارنىڭ كېسىلى قانداق بول-
دى ؟» دەپ سورىدى . چۈنخۇا :
«خوجايىن ، سىزنىڭ ئانىمىزنىڭ
جېنىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى-
ڭىزغا رەھمەت ، ئانام ساقايدى»
دېدى . لى جىڭفېڭ چاقچاق قى-
لىپ : «ناھايىتى ياخشى بوپتىغۇ ،
ئاناڭلار سىلەرنى بىكارغا باقمى-
غاندە» دېدى . خوجايىنغا ئۆزلى-
رىنىڭ شۇ چاغدىكى قەلبىنى
بىلدۈرۈش ئۈچۈن چيۇشى : «بىز



سىز قەرز بەرگەن پۇلنى ئىمكانـ
قەدەر تېز قايتۇرىمىز ، سىز
مۆھلەتنى سەل كېيىنگە سۈرۈپ
بەرسىڭىزلا بولىدى» دېدى . لى
جىڭفېڭ : «قەرز قايتۇرۇش مەـ
سىلىسىنى كېيىن دېيىشەيلى ،
ئەمدى سىلەر تىرىشىپ ئىشلەـ
سەڭلارلا بولىدۇ» دېدى .

ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ،
چۇنخۋا بىلەن چيۇشى بىر قۇر
پەرداز قىلىپ ، تانسىخانىغا باشـ
قىلارغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن
بارماقچى بولۇپ ئىشىكتىن چىـ
قىۋاتقاندا ، لى جىڭفېڭ چاقىرغۇ
ئارقىلىق چۇنخۋانى «مۇھىم ئىش
بار ، كېلىڭ» دەپ چاقىرتتى .
چۇنخۋا لى جىڭفېڭنىڭ ئۆيىگە
بارغاندا ، لى خوجايىن چۇنخۋانىڭ
ياسىنىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنـ
لىكىنى كۆرۈپ ، مېنى دەپ ياـ
سانغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ،
خۇشاللىقىدىن ئۇنى قۇچاقلاپ
سۆيۈپ كەتتى . چۇنخۋا ئۆزىنى
چەتكە ئالماقچى بولدى ، ئەمما لى
جىڭفېڭ تەمكىنلىك بىلەن شۇنـ
داق دېدى : «ئاچا ـ سىڭىل ئىكـ
كىڭلار گويا بىر جۈپ پەرىشتىگە
ئوخشايسىلەر ، مەن سىلەرنى توـ
لىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم . مەن
سىلەرنى كۆرگەن ئاشۇ چاغدىن
تارتىپلا سىلەرنىڭ ھامان مېنىڭ
تۇرمۇشۇم ئىچىگە كىرىپ كېتىـ
دىغانلىقىڭلارنى پەملىگەن ، شۇڭا
سىلەر قىيىنچىلىقتا بولۇۋاتقاندا
ئازراق پۇل قەرز بەردىم . ماڭا
سىلەرنىڭ بۇ پۇلنى قايتۇرۇشۇڭـ
لار لازىم ئەمەس !» چۇنخۋا بۇ
گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران
قالدى . لى جىڭفېڭ يەنە : «ئەمەـ
لىيەتتە سىز قەرزنى ئاللىبۇرۇنلا
قايتۇرۇپ بولدىڭىز ، بىباھا ياشـ
لىق باھارىڭىز ۋە نازاكىتىڭىز
بىلەن قايتۇردىڭىز» بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلىغان چۇنخۋا قاتتىق تەسىرـ
لىنىپ ئۆزىنى لى جىڭفېڭنىڭ
قوينىغا ئاتتى...

لى خوجايىن : «چۇنخۋا ،
سىزنىڭ مەن بېرىپ تۇرغان قەرز
پۇلنى قايتۇرۇشىڭىز ھاجەتسىز ،
مەن سىزنىڭ بىر ئىشقىلا ياردەم
بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن !» دېدى .
چۇنخۋا : «ياردەم بېرەلەيمەن ؟ مەن
قانداق ئىشقا ياردەم بېرىمەن ؟»
دەپ سورىدى .

لى جىڭفېڭ ئۆزىنىڭ بىر تاـ
لاي دەردىنى تۆكۈپ بەردى .

ئەسلىدە لى جىڭفېڭنىڭ ئاـ
تا ـ بوۋىلىرى يالغۇز ئوغۇل بوـ
لۇپ ، كۆپ نەسىل قالدۇرالمىغان ،
شۇڭا ئۇ ئەسلىدە ئۆزى ئۈچۈن
كۆپرەك نەسىل قالدۇرۇشنى ئويـ
لىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ
خوتۇنى تالڭ ناتىڭ سالامەتلىكى
ناچار بولغاچقا ، بىر قىز تۇغقانـ
دىن كېيىن يەنە ماتكا ئۆسمىسى
كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ
قالغان . بىر قانچە يىل داۋالانغان
بولسىمۇ ساقايماي ، ئاخىرى ماتـ
كىسىنى ئالدۇرۇۋېتىپ ھاياتىنى
ساقلاپ قالغان . فىلىپپىندىكى
جۇڭگو مۇھاجىرلىرى نەسىل
قالدۇرۇشقا تولىمۇ ئېتىبار بېرىـ
دىغان بولغاچقا ، تالڭ ناتىڭ كېـ
سەل بولۇپ قېلىشى ئوغۇل يۈزى
كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كېلىـ
ۋاتقان لى جىڭفېڭ ئائىلىسى ئۈـ
چۈن ئەجەللىك زەربە بولغان بولـ
سىمۇ ، لېكىن لى جىڭفېڭنىڭ
بۇ ۋاپادار خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ ،
يەنە ئۆيلىنىشكە كۆزى قىيمىغان .
شۇڭا ، ئۇ ئۈمىدىنى باشقا ئادەمـ
نىڭ ۋەكالىتەن ئوغۇل بالا تۇغۇپ
بېرىشىگە باغلىغان . بىر نەچچە
يىل ئىلگىرى تالڭ نا ئۇنىڭغا بىر
نەچچە ئايالنى تونۇشتۇرغان بولـ
سىمۇ ، يا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باـ
ھانى بەك يۇقىرى قويۇۋالغان ، يا
بەزىلىرىنىڭ ساپاسى بەك تۆۋەن
بولغاچقا ، ئۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايـ
سىسىنى ياراتمىغان . ئۇ جۇڭگوغا
كېلىپ زاۋۇت قۇرغاندىن كېيىن ،
جىق ئاياللارغا نەزەر تاشلىغان
بولسىمۇ ، ھېچقايسىسى باب
كەلمىگەن . ئۇ جى يۈڭىنىڭ بۇ
قىزلىرىنى كۆرۈپ «ئەمدى ئامەـ
تىم ئوڭدىن كېلىدىغان بولدى»
دېگەن تۇيغۇغا كەلگەن . بىر قانچە
كۈن ئىلگىرى تالڭ نا بىلەن مەسـ
لىھەتلەشكەندە ، تالڭ نا ئۇنى ناھاـ
يىتى قوللىغان ھەمدە ئۇ قىز ماـ
قۇل دېسە ، ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا
كېلىپ شۇ قىزنى بىر يىل باقىـ
دىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . لى
جىڭفېڭ ئاخىرىدا : «چۇنخۋا ، بۇ
ئىشنى ئوبدان ئويلاڭ ، ئىش تۇـ
گىگەندىن كېيىن ، ئالىدىغان
ئىش ھەققىڭىز 80 مىڭ يۈەندىن
كەم بولمايدۇ !» دېدى .

چۇنخۋا ئۆزلىرى ئىجارىگە
ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيگە قايـ
تىپ كەلگەندە ، چيۇشى قاتتىق
خاپا ئىدى . ئۇ ئاچىسىنى بىر
ئاخشاملىق پۇل تېپىش پۇرسىـ
تىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ دەپ
ئەيىبلەپ كەتتى . چۇنخۋا : «سەن
خاپا بولۇۋاتامسەن ؟ سەن خاپا
بولماي خۇش بولساڭ توغرا بولـ
دۇ . لى جىڭفېڭ بىز ئۇنىڭدىن
قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇۋالمايـ
دىغان بولدى» دېدى . چيۇشى

ھاياجان ئىچىدە ئاچىسىنى قۇچاقلاپ كەتتى ، چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ئاچىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى . چۈنخۇا مۇنداق دېدى : «مەن يەنە بىر ئىش توغرىلىق سەن بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن ، يېتىپ سۆزلىشەيلى .» ئىككىيلەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋاتتا ياتتى . چۈنخۇا لى جىڭفېڭ «ياردەم بېرىڭ» دېگەن ھېلىقى ئىشنى ئېيتىپ ، چيۇشىدىن قوشۇلامسەن ياكى رەت قىلامسەن ، دەپ سورىدى . ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەن مۇڭدىشىپ ، بۇ ئىش ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى . ئەخلاق مەيدانىدا تۇرۇپ ئېيتقاندا ، بۇنداق قىلىش شەرمەندىلىك ھېسابلىنىدۇ ، شۇڭا بۇنداق قىلىشنى شۈبھىسىز رەت قىلىش كېرەك ئىدى . ھېسسىيات مەيدانىدا تۇرۇپ ئېيتقاندا ، لى جىڭفېڭ سېخى ئادەم ، ئۇلارنىڭ ئانىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشى ئۇچۇن شاپائەت قىلغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە 80 مىڭ يۈەن پۇل كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلاتتى . ئۇلار پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆردى ، ئاخىر ئۇلارنىڭ مايىللىقى پۇل تەرەپكە ئاغدى .

بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ، چيۇشى يەنە ، پۇل قەرز ئېلىشتا ئاچام ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىدى ، ئەمدى بالا تۇغۇپ بېرىدىغان ئىشنى مەن قىلىشىم كېرەك ، دەپ ئويلاپ ، بۇ ئويىنى چۈنخۇاغا ئېيتتى . چۈنخۇا : «بۇ ئىشقا سېنىڭ ئارىلىشىشىڭ ھاجەتسىز ، مەن ئۇنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتتىم . سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىشىڭ كېرەك» دېدى . چيۇشى : «ئۆزۈمنى ئېپپەتلىك تۇتسام ياخشى ، لېكىن نېمىگە يارايدۇ ؟ بىز ئىككىمىز بېشىمىزغا كەلگەننى تەڭ كۆرۈشىمىز كېرەك» دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى . چۈنخۇا سىڭلىسىنى ماقۇل دېگۈزەلمەي ، ئەتىسى بۇ ئىشنى لى جىڭفېڭغا ئېيتتى . لى جىڭفېڭ بۇنى ئەلۋەتتە رەت قىلمايتتى .

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ، تاڭ نا كېلىپ ناھايىتى كاتتا كەچلىك زىياپەت تەييارلاپ ، جى ئائىلىسىدىن چىققان بۇ قىزلارنى كۈتۈۋالدى . زىياپەتتىن كېيىن تاڭ نا مۇنداق دېدى : «سىلەرنىڭ مېنىڭ ۋە ئېرىمنىڭ ئۆمۈرلۈك بۈيۈك ئىشىنى قوللىغىنىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن ! مەن سىلەرگە سەجدە قىلىپ باش ئۇرىمەن !» ئۇ راستىنىلا يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ باش ئۇرۇپ تازىم قىلغاندا ، چۈنخۇا بىلەن چيۇشى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ يەنە مۇنداق دېدى : «بۇنداق ئىش چەت ئەللەردە ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ ، ئەمما جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئەيىبلىنىشى مۇمكىن . شۇڭا ، بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت ـ شىجائەت كېرەك . بۇ ئىشنى ئوبدان قىلىش ئۈچۈن ، بىز بىر كېلىشىم ئىمزالايلى .» ئۇ كېلىشىمنامىنىڭ لايىھىسىنى ئېلىپ چىقىپ ، تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار ، دەپ چۈنخۇا بىلەن چيۇشىغا كۆرسەتتى . كېلىشىم مۇنداق ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى : بىرىنچىسى ، جى چيۇشى لى جىڭفېڭغا بىر بالا تۇغۇپ بېرىشكە قوشۇلدى ؛ ئىككىنچىسى ، مەيلى ئوغۇل تۇغۇلسۇن ، ياكى قىز تۇغۇلسۇن ، لى جىڭفېڭ جى چيۇشىغا 80 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بېرىدۇ ؛ ئۈچىنچىسى ، بالا بىر ياشقا كىرگەندىن كېيىن ، جى چيۇشى لى جىڭفېڭنىڭ ئۆيىدىن كېتىشى شەرت ھەمدە شۇندىن كېيىن مەڭگۈ بالىنى مېنىڭ دېمەسلىككە ۋەدە بېرىشى لازىم ... كىشىنى ناھايىتى جەلپ قىلىدىغان ، ئەمما خېلىلا ئېچىنىشلىق بولغان بۇ كېلىشىمگە كېلىشىم تۈزگۈچى ئىككى تەرەپ ۋە گۇۋاھچى تاڭ نا ، جى چۈنخۇا ئىمزا قويۇپ ، بارمىقىنى باستى . بىر «سودا» ئەنە شۇ تەرىقىدە پۈتتى .

## 4

چيۇشى شۇندىن ئېتىبارەن ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى بىلەن خوشلىشىپ ، لى جىڭفېڭنىڭ داچىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ، ئۆزىدىن 30 ياش چوڭ خوجايىن بىلەن «ۋاقىتلىق ئەر ـ خوتۇن» بولۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى . تاڭ نا ئېرىگە ھەمكارلىشىپ ھەممە ئىشنى تەق قىلغاندىن كېيىن ، فىلىپپىنگە قايتىپ كەتتى . ئۈچ ئايدىن كېيىن ، چيۇشى بەدىنىدە بەزى غەيرىي ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۆزىنى دوختۇرغا تەكشۈرتكەندە ، ئۇنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى ئېنىقلاندى . لى جىڭفېڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، دەرھال ئۇنى سېختىن ئۆز ئۆيىگە مەخسۇس كۈتۈنۈش ئۈچۈن ياندۇرۇپ چىقتى . چيۇشى كۈننى ئەتىدىن كەچكىچە يەپ ـ ئىچىش ۋە ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، باياشات تۇرمۇشنىڭمۇ شۇنداق مەنىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

چىۋشىنىڭ قورسىقىدىكى بالا
بەش ئايلىق بولغاندا ، لى جىڭفېڭ
چىۋشىنى Bتىپلىق ئۇلترا دولقۇن
ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدا تەك-
شۈرتتى . بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى
ئېنىقلانغاندا ، لى جىڭفېڭ چىۋشىنى
قۇچاقلاپ ، خۇشاللىقىدىن يىغلاپ
كەتتى ھەم مۇنداق دېدى : «مەن ئەل-
ۋەتتە سىزنىڭ ئوغۇل بالا تۇغۇشى-
ڭىزنى ئارزۇ قىلاتتىم ، لېكىن كې-
لىشىمنامىگە مۇنداق دەپ يېزىشقا
بولمايتتى . چۈنكى ئوغۇل تۇغۇش
ياكى قىز تۇغۇش كىشىلەرنىڭ ئىرا-
دىسىگە باغلىق ئىش ئەمەس . ھازىر
سىزنىڭ ئوغۇل تۇغىدىغانلىقىڭىز
ئايان بولدى . بۇ تەڭرىنىڭمۇ مېنى
مۇراد ـ مەقسىتىمگە يەتكۈزۈشنى راۋا
كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ !»
ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ، ئىسرىق
سېلىپ ، بۇدقا باش ئۇردى . ئۇ ئۇدا
يەتتە كۈن ئىسرىق سېلىپ ، بۇدسات-
ۋانىڭ ئۆزىگە ئوغۇل ئاتا قىلغانلىقىغا
چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىل-
دۈردى .

چىۋشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش
ئۈچۈن ، لى جىڭفېڭ چۈنخۇانى
داچىغا كۆچۈپ كېلىشكە كۆن-
دۈردى ھەم ئۇنىڭغا ئىشقا چۈش-
مەي ، ئۆيىدە ئۆي ئىشلىرىنى
قىلغاچ ، چىۋشىغا ھەمراھ بولۇش
تەكلىپىنى بەردى . چىۋشىمۇ
بۇنداق قىلىشنى ماقۇل كۆردى .
شۇنداق قىلىپ ، ئاچا ـ سىڭىل
ئىككىيلەن بوگۈن كوچىغا چى-
قىپ سەيلە قىلسا ، ئەتىسى باغ-
چىلارغا بېرىپ ئويناپ كەلدى ،
يەنە بىر كۈنى قارتا ئوينىدى . دې-
مەك ، ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى
ئويۇنلارنى ئويناپ ، تۇرمۇشىنى
راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى .

قورساقتىكى بالىمۇ بارا ـ بارا
چوڭىيىشقا باشلىدى .

1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ
كۈنى چىۋشى تېمەن ھەم بۇدرۇق
بىر ئوغۇل تۇغدى . لى جىڭفېڭ
خوش بولۇپ ، ئۆزىنى قويالماي
قالدى . ئۇ ھېلىقى بالىغا «لى
جىخۋا» دەپ ئىسىم قويدى . ئۇ ،
بۇ «جىخۋا» دېگىنىمىز ئىككى
مەنىگە ئىگە ، «جى» دېگىنىمىز
«جى فامىلىلىك ئاچا ـ سىڭىلنى
ئۇنتۇمايمەن» دېگەن مەنىنى ،
«خۋا» دېگىنىمىز بالىنىڭ جۇڭ-
گودا تۇغۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ،
دېدى . يىراق قىلىپپىندە تۇرۇ-
ۋاتقان تاڭ نامۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ،
ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى .
ئۇ شۇئان چۈەنجۇغا كېلىپ بالا
باققۇچى بولدى . چىۋشى بالىنى
ئېمىتكەندىن باشقا ، بالا بېقىش
ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى . دەس-
لەپكى بىر قانچە ئايدا بالا كېچىدە
يىغلاپ خاپا قىلاتتى . تاڭ نا با-
لىنى بەزلەپ ئۇخلىتىش ئۈچۈن
ئۇخلىمايتتى ، بەزىدە بالا ئاغرىپ
قالسا ، ئۇ دەرھال دوختۇرخانىغا
ئېلىپ باراتتى ، ھەتتا بەزىدە چى-
ۋشىنىڭ بېشى ئازراق ئاغرىپ
ياكى بەدىنى قىزىپ قالسىمۇ پاي-
پېتەك بولۇپ خەۋەر ئالاتتى . ئە-
مەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەقىقىي نىيى-
تى بالىنى ساغلام چوڭ قىلىش
ھەم بالىنى ئۆز ئانام «تاڭ نا» دې-
گەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈشتىن
ئىبارەت ئىدى .

بالا يېرىم ياشقا كىرگەندىن
كېيىن ، لى جىڭفېڭ تاڭ نانى
بالىنى ئېلىپ بەزى ئىجتىمائىي
پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئورۇن-
لاشتۇرۇشقا باشلىدى . لى جىڭ-
فېڭ ئۆيىگە پەتىگە كەلگەن ئاغى-
نىلىرىگە جى ئائىلىسىدىن بول-
غان قىزلارنىڭ بىرى بالىنىڭ
ئانىسى ، يەنە بىرى بالىنىڭ باق-
قۇچىسى ، دەپ تونۇشتۇرىدىغان
بولدى . ئاچا ـ سىڭىل ئىككىي-
لەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە
قاتتىق بىئارام بولغان بولسىمۇ ،
لېكىن ئىلاجىسىزلىقتىن «راست
شۇنداق» دەپ ئېتىراپ قىلاتتى .

2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باش-
لىرىدا كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن
مۆھلەت توشتى . چۈنخۇا بىلەن
چىۋشى كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى
قىلىشقا كىرىشتى . لى جىڭفېڭ
چىۋشىغا ئىش ھەققى ئۈچۈن 80
مىڭ يۈەننى نەق بەردى . ئارقىدىن
تاڭ نامۇ ئىككى بولاق پۇلنى تەڭ-
لەپ : «بۇ مېنىڭ ھەر بىرىڭلارغا
20 مىڭ يۈەندىن بەرگەن مۇكاپا-
تىم» دېدى . ئايرىلىش ئالدىدىكى
كېچىدە ، گەرچە چىۋشى بالىسى-
دىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ،
كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتكەن
بولسىمۇ ، لېكىن لى جىڭفېڭ
بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىمنا-
مىنى ئويلاپ ، ئۆزىنىڭ لەۋزىدە
تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ،
نامراتلىقتا جان تالىشىۋاتقان ئا-
تا ـ ئانىسى ئۇلاردىن : «ئالغان
قەرزنىڭ قانچىلىكىنى قايتۇر-
دۇڭلار ؟» دەپ سورىدى . ئۇلار :
«قەرزنى بۇرۇنلا قايتۇرۇپ بولدۇق ،
يەنە 100 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئە-
كەلدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەندە ، جى
يۇڭيى ۋە ۋاڭ پىڭخۇڭ ناھايىتى
ھەيران بولدى . ئاچا ـ سىڭىل
ئىككىيلەن ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ
ئىككى يىلدىكى كەچۈرمىشلىرىنى

تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . جى يۇگيى ئەسلىدە قىزلىرىنى «مۇنداق يولدا ماڭماسلىقىڭلار كېرەك ئىدى» دەپ ئەيىبلىمەكچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن قىزلىرىنىڭ ئائىلىنى دەپ ، ئاتا ـ ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلەيمەن دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلاپ سۈكۈت قىلدى .

ئاتا ـ ئانىسىنى ئاشۇ كونا ئۆيدىن بۇرۇنراق كۆچۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ، چۇنخۇا بىلەن چېيۇشى 30 نەچچە مىڭ يۈەنگە كونا ئۆينىڭ ئالدىدىن بىر پارچە يەر ئېلىپ ، ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سالماقچى بولدى . كىمنىڭ خىيالىغا كىرگەن دەيسىز ؟ قولۇم ـ قوشنىلار كوچىلاپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ياقا يۇرتتا نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقىنى ئۇقۇۋېلىپ ، دائىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، چۇنخۇا بىلەن چېيۇشىدىن چۆنجۇدا نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى . چۇنخۇا بىلەن چېيۇشىنىڭ جاۋابى ئۇلارنى قايىل قىلالمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىش تېرىشقا ئامراق بەزى ئادەملەر «ئۇلار يا باشقىلارغا ‹كىچىك خوتۇن› بولغان ، يا جالاپلىق قىلغان» دېگەن قىياسلارنى قىلىشتى ، پىتنە ـ پاسات گەپلەر خۇددى شىددەتلىك بورانغا ئوخشاش ئۇلارغا زەربە بولۇپ ئۇرۇلدى . جى يۇگيى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن غاجاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىنا سېلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئۆي ئورنىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ ، 2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ، پۈتۈن بىساتىنى ئېلىپ شىمالىي جياڭشىدىكى بۇ شەھەرگە كۆچۈپ كەلدى .

بىر قانچە ئايدىن كېيىن ، ئىزا ـ ئاھانەت ۋە ھاقارەتتىن قۇتۇلغان بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاخىرى تىنچ تۇرمۇش قويىنىغا قايتىپ كەلدى . ئۇلار يېڭى ئۆي سېتىۋالدى . ئاچا ـ سىڭىل ئىككىلەن كوچىدىن بىر كىچىك دۇكان ئىجارە ئېلىپ ، مودا كىيىملەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى . سودىسىمۇ ئوبدان بولدى . مۇخبىرلىق زىيارىتىم ئاخىرلاشقاندا مەن ئۇلاردىن : «سىلەر بۇنداق ناتونۇش جايغا كەلگەندىن كېيىن قانداق ھېسسىياتتا كەلدىڭلار ؟» دەپ سورىۋېدىم ، ئۇلار شۇنداق دېيىشتى : «نۇرغۇن تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇق . ئەڭ چوڭ تەسىراتىمىز شۇكى ، پىتنە ـ پاساتتىن ئەنسىرىمەيدىغان ھەم ئازادىچىلىك ئىچىدە ياشايدىغان بولدۇق . ئاشۇ بىر مەزگىلدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەتكە خىلاپ بولغان كەچۈرمىشلىرىمىز يىراقلارغا كەتتى . بۈگۈنكى كۈندە ھالال تەرىمىز ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ئارقىلىق بايلىق يارىتىپ ، مەردانىلارچە ياشاۋاتىمىز ، بۇرۇن يوقىتىپ قويغان كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمىز ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزگە قايتىدىن ئېرىشتۇق .»

مەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن .

مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرىم شۇكى ، بۇ ـــ شەخسنىڭ مەخپىيەتلىكىگە تاقىلىدىغان بىر چىن ھېكايە . شۇڭا ، بۇ ھېكايىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يازدىم . بۇ بىر ۋەقەنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە ، مەن ھەم جى چۇنخۇا بىلەن جى چېيۇشىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئائىلە بەختسىزلىكىگە ھېسداشلىق قىلىمەن ، ئۇلارنىڭ خوجايىندىن نۇرغۇن پۇل قەرز ئالغانلىقىنى چۈشىنىمەن ، ھەم ئۇلارنىڭ كېيىن ياشلىق باھارىنى سېتىپ خوجايىنغا ئوغۇل بالا تۇغۇپ بەرگەنلىكىگە چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمەن . ئۇلار قەرزنى جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قايتۇرۇشى ھەم خوجايىننىڭ بىمەنە تەلىپىنى رەت قىلىشى كېرەك ئىدى ، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . لېكىن ، ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى . ئۇلار خاتا ھالدا جاپالىق بولمىغان ، ئەخلاقتا يات بولغان قەرز قايتۇرۇش (ياكى پۇل تېپىش) يولىنى تاللىدى . ئاشۇ خاتالىق ئۇلارنىڭ كېيىن يۇرت ـ ماكاندىن قېچىپ كېتىشتەك بەدەلنى تۆلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . جۇڭخۇا مىللىتى ـــ ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قەدىرلەيدىغان مىللەت . جى چۇنخۇا بىلەن جى چېيۇشىنىڭ ئەخلاققا خىلاپ پۇل تېپىش يولىنى تۇتۇشى مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ لەنەت ئوقۇشى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ . ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردىكى ، ناپاك پۇلنى ئېلىشقا بولمايدۇ ، سەممىيلىك بىلەن ئەمگەك سىڭدۈرۈپ پۇل تاپقاندىلا ، ئاندىن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ھالدا بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ .

**قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى**



# غەربىي دىيار رېستورانىدىكى پاجىئە

ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

2000 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى شەھىرى
ئادەتتىن تاشقىرى تۇمانلىق بولسىمۇ ، ئەتىگەن
قايىنغان دۆك كۆۋرۈك بازىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلـ
ىنىپ كەتكەن ئىدى . سانجاق ـ سانجاق كىشىلەر ئا-
رىسىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ھەممىگە ئىنـ
چىكە سەپسېلىپ كېلىۋاتقان ر × × بىر دوقمۇشقا
كەلگەندە دوستى ق × × بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .
ئۇلار ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ر × × :
ــ قانداق ، ئوقىتىڭ يامان ئەمەستۇ ؟ ــ دەپ
سورىدى .

ق × × ئۆز تەقدىرىدىن ئاغرىنىپ:
ــھەممىلا ئادەم بىزنى بىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ،
مېنى كۆرسىلا خۇددى سادىن ئۈركۈگەن چۈجىدەك
قېچىشىدۇ ، ــدېدى .

ــراست دەيسەن ، بۇ شەھەردە بىزگە تاپاۋەت
يولى قالمىغان ئوخشايدۇ ، بۇ جانىنى قانداق باقماق
كېرەككىن تاڭ ؟

ــباشقا يۇرتلارغا بېرىپ بىرەر ھەرىكەت قىلىپ
باقامدۇق ــيا ؟

ــنەگىلا بارساق شۇ پۇل كېرەك بولىدۇ دېگىنە .
ر × × 1980 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈ-
رۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، باشلانغۇچ
مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ
قالغان . 1997 ـ يىلى ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن
1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى
سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن
مۇددەتلىك بىر يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بې-
رىلگەندى . ئۇ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلـ
گەندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرەتتى .
ق × × 20 ياش ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن بولۇپ ، ئۇ
باشلانغۇچ مەكتەپنى تولۇق پۈتتۈرمەي جەمئىيەتكە
چىقىپ كېتىپ ، تۇغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي
خروئېن چەككەنلىكى ئۈچۈن بىر يىللىق قاماقتا
يېتىپ چىققان ئىدى .

ئۇلار خېلى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن تۇرپانغا
بېرىشقا كېلىشتى . ئۇلار تۇرپانغا كېلىپ ھەرىكەت
قىلىش ئۈچۈن دوست ئىزدەشتى . «تازىنىڭ چاپاق
دوستى بار» دېگەندەك ، ئۇلار تۇرپان شەھەر ئۈزۈم-
چىلىك يېزا مۇنار كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى راجى دەپ
لەقەم ئالغان ئا × × بىلەن ئۇچراشتى . ئا × ×
1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ ،
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن
ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملـ
ىشىش ئىبغىر كېلىپ ، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ،
1998 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۇرپان شەھەرلىك
خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتلىك بىر
يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى . ئۇ
قاماقخانىدا ئاغرىپ قالغانلىقتىن دوختۇرخانىغا

داۋالاتقىلى ئېلىپ بارغاندا قېچىپ كەتكەن ئىدى . ئۇ قانۇن توردىن قېچىپ يۈرگەن بولسىمۇ ، كونا كەسپىدىن قول ئۈزمىگەن ئىدى . ئۇ ئۇلجا ئىزلەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەندە ، «ئوغرى بىلەن ئوغرى قاراڭغۇدا تېپىشار» دېگەندەك ئۇلار تار كوچىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى .

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن ، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئا × × نىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا كىرىپ 3000 يۈەن قىممىتىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق تاختىسىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئەرزان باھادا ساتتى . 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ر × × بىلەن ئا × × بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇپ كىرىپ 700 يۈەن نەق پۇل ، بىر دانە فوتو ئاپپاراتنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئاپپاراتنى 20 يۈەنگە ساتتى .

ئۇلار كەچقۇرۇن كۈندۈزى ئېرىشكەن ئولجىسىنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كېلەلمەي تۇرغاندا ، پ × × ساۋاقدىشى ئە × × بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى . پ × × 20 ياش ، تۇرپان شەھەر ئاھالىسى بولۇپ ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە چوڭ ئىش سادىر قىلمىسىمۇ ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ ، ساقچىخانىلارنىڭ دىققىتىگە ئىسمى چۈشكەن ئىدى . پ × × ئا× × بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن ئىدى .

ئە × × 20 ياش ، تۇرپان شەھەر كوناشەھەر شەرقىي قوۋۇق 1 ـ كەنتىدىن بولۇپ ، ئۈرۈمچىدە × × مەكتەپتە ئوقۇيتتى . ئۇ ئائىلىسىگە دەم ئېلىشقا كەلگەن بولۇپ ، كونا ساۋاقدىشى پ × × بىلەن بازار ئايلىنىشقا چىقىپ ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ قالدى . ئۇلار توپلاشقاندىن كېيىن ق × × :

—ئاغىنىلەر ، يىغىلىپ قاپتىمىز ، بىر كۆڭۈل خۇش بولغۇدەك سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرمايلىمۇ . قېنى ، ئا × × ، بۇ شەھەر ئۆزەڭنىڭ بولغاندىكىن ، ياخشى بىر يەرگە باشلاپ باقمامسەن ، —دېدى .

ئا × × كۆرەڭلەپ :

—بولىدۇ ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى بىر ئېلىپ قويايلى ، سىلەر تۇرپانغا كەلگىنىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمىغۇدەك بىر ئويناپ كېتىڭلار . جۆرۈڭلار ، مەن سىلەرنى «غەربىي دىيار رېستورانى» غا باشلاپ باراي ، — دېدى .

—رېستوراندا نېمە بار ، باشلىساڭ يەيدىغان ـ ئىچىدىغان ، ئوينايدىغان يەر بولسا باشلىمامسەن !

—سەن بىلمىگەندىكىن مېنىڭ كەينىمگە كىرىپ جىم ماڭ ، ئۇ يەرگە بارساڭ بارغۇ ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ !

—قىزلارمۇ بارمۇ ؟

—يانچۇقتا پۇل بولسا ، قىز بالا دېگەن نەدىن تېپىلمايدۇ .

ئۇلار توپلىشىپ ، بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىشىپ كېتىۋاتقاندا ، ئا × × نىڭ يېقىن دوستى ئە × × ئۇچراپ ئۇلارغا قوشۇلدى . ئە × × 1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۇرپان شەھەر يار يېزا قاڭقا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان ئىدى . ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئائىلىسىدە بىكار يۈرەتتى .

ئۇلار «غەربىي دىيار رېستورانى» غا كېلىپ ئايرىم خانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى . شۇ چاغلاردا «غەربىي دىيار رېستورانى» مېھمانساراي بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ ، «ئۈچتە ھەمراھ» بولغۇچى «خېنىم» لارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سودىسى گۈللەنگەن ئىدى . ئۇلار قورۇمىلارنى بۇيرۇپ ھاراق ئىچىشكە كىرىشتى . رېستوراندىكى ھاراق ئىچىشىپ بېرىدىغان «خېنىم» لارمۇ ئارىلاپ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشتى . بىر چاغدا يەنە بىر جوزىلىق مېھمان كېلىپ تاشقىرىقى ئايرىم خانىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە كىرىشتى . ھەر ئىككى خانىدىكىلەر ھاراق ئىچىپ خېلى قىزىشتى . تاشقىرىقى خانىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئا × × لار ئولتۇرغان خانىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ :

—ئاينۇر بارمۇ ؟ —دەپ سورىدى .

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ :

—بۇ سورۇندا ئاينۇر دېگەن بىرسى يوق ، — دېيىشتى .

ئاينۇرنى سۈرۈشتۈرگەن بالا بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا «ئاينۇر» نى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلار ئولتۇرغان سورۇنغا ئۈچ قېتىم كىردى . ئۇ ئۈچىنچى قېتىم كىرگەندە ھاراق ئىچىپ قىزىپ قالغان ئا × × نىڭ ئاچچىقتىن قېنى قىزىپ :

—بۇ ھارام تاماقلار بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ، ئۇ بىرنېمىسىنى بىزگە سولاپ بەرگەندەك ئەجەپ

بىزدىن سوراۋەردىيا ؟ كىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ ، ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام بولمىغۇدەك ، — دېدى .

ئا × × نىڭ بۇ گېپى هاراق ئىچىپ قىزىپ قالغان ئۆلپەتلىرىگە مەدەت بولۇپ ، ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك تەسىر قىلدى ـ دە ، ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ ئۇلارنى تىللاشقا باشلىدى . ئۇلارمۇ تىل ياندۇردى . ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچەيدى . ئا × × نىڭ دوستلىرى قوللىرىغا ئورۇندۇق ، بوتۇلكىلارنى ئېلىپ ئۇلارنى ئۇرۇشقا كىرىشتى . رېستوران خوجايىنى جېدەلنى باسالماي ئۇلارنى ئىتتىرىپ سىرتقا چىقىرىۋەتتى . ئۇلار سىرتقا چىقىپ كىم قولىغا نېمە چىقسا قارشى تەرەپنى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى . ئە × × قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن ي × × نىڭ بېشىغا ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى . A بۇنى كۆرۈپ قاچتى . ئا × × بىر خىشنى A گە قارىتىپ ئاتقان ئىدى ، A خىش تېگىپ يىقىلىپ قالدى . ئا × × كېلىپ A نىڭ بېشىغا ، يۈزىگە ئىككىنى تەپتى . ئە × × خىشنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىچە A نىڭ بېشىغا قالايمىقان ئۇردى . خىش ئېزىلىپ كەتكەندە ئاندىن ئۇرۇشتىن توختىدى . ر × × كېلىپ A نىڭ بېقىنىغا ئىككىنى تەپتى . ئە × × كېلىپ A نىڭ يوتىسىغا ، بېقىنىغا تەپتى . ئۇلار كەينىگە يېنىپ «غەربىي دىيار رېستورانى» نىڭ ئالدىدا يېتىپ قالغان ي × × نىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنى يەنە قالايمىقان ئۇرۇشتى ھەمدە ي × × نىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ 70 يۈەن پۇلىنى ئېلىۋالدى ، ئاندىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى .

رېستوران جوجايىنى جېدەل بېسىققاندىن كېيىن ئىككى ئادەمنىڭ كوچىدا يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ «110» غا تېلېفون بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدى . «110» دېلونى تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىگە مەلۇم قىلدى . ئەترەتتە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان لى يىڭجۈن ، جاۋ يىڭ دېلودىن خەۋەر تېپىپ نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ ، دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، دېلونى ئىدارە رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلدى . تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چىن شىجۈن ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇختەر ئىبراھىم ، جىنايى ئىشلار شەھەر ئىچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت شېرىپ نەق مەيدانغا دەرھال يېتىپ كەلدى . چىن شىجۈن دېلو تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ :

— دېلو خاراكتېر جەھەتتىن خېلى ئېغىر كەن ، شۇڭا ئابدۇرېشىت دېلونى ئۆزىڭىز بىۋاسىتە ئىشلەڭ ، — دېدى .

ئابدۇرېشىت ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، بۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملاش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلدى ھەمدە رېستوران خوجايىنىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ :

— بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ سەن ئۇلاردىن بىرەرسىنى تونۇمسەن ؟ — دېدى .

— ئىچىدىكى خانىدە ئالتە ئادەم ، تاشقىرىقى خانىدا بەش ئادەم ئولتۇرۇپ هاراق ئىچكەن . بىر چاغدا ئىچىدىكىلەر تېشىغا چىقىپ قولىغا ئورۇندۇق ، بوتۇلكىلارنى ئېلىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى . مەن ئۇلارنى سىرتقا چىقىرىۋەتكەن ئىدىم . مەن ساقچىغا مەلۇم قىلغاندا ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ تۆۋەن تەرەپكە كەتتى .

— ئۇرۇشقانلارنىڭ ئىچىدە سەن تونۇيدىغان بىرەرسى بارمۇ ؟

— ئىچىدىكى خانىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈمچىلىك يېزا مۇنار مەھەللىسىدىكى ئا × × دېگەننى تونۇيمەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ساقچى كىيىمى كىيگەن بالا بار . ئۇنىڭ ئىسمى ئە × × ئىكەن ، ئۇ كونا شەھەر ساقچىخانىسىدا ئىشلەيمەن دېگەنىدى .

ئابدۇرېشىت شېرىپ بۇ ئىنكاسنى ئاڭلاپ ئا × × نى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئابدۇرېشىت شېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتى ھەم ئۇ بىر نەچچە ئوغرىلىق دېلوسىغا چېتىشلىق بولغاچقا ، تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى . ئا × × نى ئىزدەپ ئائىلىسىگە نەچچە نۆۋەت بارغان بولسىمۇ ، ئائىلىدىكىلەر ئا × × گە ماسلىشىدىغان بولغاچقا تۇتالمىغان ئىدى . شۇڭا ، بۇ نۆۋەت ئۇنى توردىن چۈشۈرۈپ قويسا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، دېلونى ساقچىخانىدا ئىشلەيمەن دېگەن

ئە × × نى يىپ ئۇچى قىلىپ ئىشلەش ئۈچۈن كونا شەھەر ساقچىخانىسىغا باردى . ئۇ يەردە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چىن شىجۈەن ، مۇختەر ئىبراھىم ، ساقچىخانا باشلىقى خې يۈەنلۇڭ ، مۇئاۋىن باشلىقى ئالىم دېلو تەكشۈرۈشكە ماسلىشىش ئۈچۈن خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانىدى .

ئابدۇرېشىت ئىدارە رەھبەرلىكىگە ئۆزى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى . ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئالىم :

— ئە × × بىزنىڭ ئادىمىمىز ئەمەس ، ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇيدۇ ، ئۇ ساقچىخانىمىزدا پراكتىكا قىلغان . ئۆيى يار يېزا كونا شەرقىي قوۋۇق 1 - كەنتتە ، — دېدى ، ئاندىن ، — مەن ئە × × نىڭ ئۆيىنى بىلىمەن ، ئاتىسى بىلەن ياخشى تونۇشىمەن ، ئۇ ئوغلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن . مېنىڭچە ، ئۇ بىزگە ماسلىشىدۇ ، چۈنكى ئۇمۇ بىر قانۇن كادىرى ، — دېدى .

شۇ چاغدا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ۋاڭ شۈيدۇڭ كىرىپ ئابدۇرېشىت شېرىپكە :

— سەن مېنىڭ ماشىنامدا ئىككى ئادەمنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغىن ، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ ، دېلو تەكشۈرۈشكە ياردەملىشىشنى قولغا كەلتۈرۈڭلار ، — دېدى .

ئابدۇرېشىت ئە × × نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتىسىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندى ، ئە × × نىڭ ئاتىسى سىراجىدىن :

— ئە × × پوچتىخانىدا ئىشلەيدىغان ج × × نىڭ ئوغلى ئا × × ، ئا × × نىڭ ئوغلى پ × × بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ . شۇ يەرگە بېرىپ باقايلى ، — دېدى .

ئۇلار ج × × نىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئا × × دىن :

— ئە × × قېنى ؟ — دەپ سورىدى . ئا × × :

— مەن ئۇنى تۈنۈگۈن كۆرگەنچە ، كۆرمىدىم ، — دېدى . ئابدۇرېشىت :

— ئە × × نىڭ سىزگە ئوخشاش ئېگىز بوي ، چېچىنى سېرىققا بوياۋالغان ، پادىچىلار ئىشتىنى كىيگەن بىرى بىلەن يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن ، — دېدى .

— ماڭا ئوخشاش بىرى بولسا ئۇ پ × × ، پ × × مۇ ماڭا ئوخشاش چېچىنى سېرىق بوياپ ، پادىچىلار ئىشتىنى كىيىپ يۈرىدۇ .

سىراجىدىن ئابدۇرېشىتقا :

— ئۇنداق بولسا ، ئە × × پ × × بىلەن بىرگە ئىكەن ، مەن سىزگە دېگەن پ × × شۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارايلى ، — دېدى .

پ × × نىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا سىراجىدىن ئابدۇرېشىتقا :

— پ × × نىڭ ئاپىسى قان بېسىمى كېسەللىكى تۈپەيلى بىر پۇتى باسماس بولۇپ قالغان . كىرگەندە سەل دىققەت قىلارسىز ، — دېدى .

ئۇلار كېچىدە پ × × نىڭ ئۆيىنى تاپتى . ئىشىكنى پ × × نىڭ ئاپىسى ئاچتى . دېگەندەك ئۇ ئايال بىر پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى . ئابدۇرېشىت ئۆزىنى تونۇشتۇرغاچ ، ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ چىقىپ :

— پ × × ئۆيدە بارمۇ ؟ — دېدى .

— ئۇ ئۆيدە يوق .

ئابدۇرېشىت ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن ئىدى ، ئانا ئۆكۈنگەن ھالدا :

— مەن بۇ بالىنى ئۆيدە تىنچ ئولتۇر دەپ شۇنچە گەپ قىلسام گەپ ئاڭلىمايدۇ ، ئاخشام چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىدى ، — دېدى ھەمدە پ × × نىڭ كىملەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغانلىقى ، نەلەرگە بارىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلىرىنى ئېيتتى .

ئۇلار قايتىپ چىقتى . ئابدۇرېشىت دېلوغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى يىپ ئۇچى تېپىشتىن ئىلگىرى دېلو تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئىدارە رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىش ئۈچۈن كونا شەھەر ساقچىخانىسىغا كېلىپ دوكلات قىلىۋاتقاندا ، سىراجىدىنگە تېلېفون كەلدى . سىراجىدىن تېلېفوننى ئېلىپلا :

— ئابدۇرېشىت ، تېلېفوننى سىز ئېلىپ بېقىڭە ، پ × × ئۆيىگە كەپتۇ ، — دېدى . ئابدۇرېشىت تېلېفوننى ئېلىپ جىددىي قىلىپ :

— پ × × كەلدىمۇ ؟ ئۇ كەلگەن بولسا بىر يەرگە كەتمىسۇن ، — دېدى .

ئۇلار پ × × نىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سىراجىدىن :

— بىز كېچە كەلگەندە پ × × ئۆيدە بار ئىكەندۇق ، — دېدى .

... ئابدۇرېشىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاشۇ كېسەلچان ئانىنى ئايىغانلىقىغا ئۆكۈندى . شۇ ئانىنى دەپ ئۆيلەرنى تەكشۈرمىگەنلىكىگە ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەپ كەتتى . چۈنكى ، ئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ ئە × × نى تاپقان بولسا دېلونى پاش قىلىش تېزلەشكەن بولاتتى . ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە پ × × ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى . ئابدۇرېشىت ئۇنىڭدىن :

—ئە × × قېنى ؟ —دەپ سورىدى .

—ئە × × ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىمەن دەپ كەتتى .

ئابدۇرېشىت پ × × نى تەپسىلىي سوراق قىلىشقا پۇرسەت قالمىغانلىقىنى ، سەل بىخۇتلۇق قىلسا جىنايەت گۇماندارلىرىنى قاچۇرۇپ قويۇش ئېھتىماللىقىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، ماشىنىدا كېتىۋېتىپ نەق مەيداندا بار ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى . پ × × نەق مەيداندا بارلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى . ئابدۇرېشىت پ × × نىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن :

—ئۇلارنىڭ يېنىدا پۇل بارمۇ ؟—دەپ سورىدى .

—ئە × × نىڭ يېنىدا 20 يۈەن بار ، باشقىلارنىڭ يېنىدا قانچىلىك پۇل بارلىقىنى ئۇقمايمەن .

ئابدۇرېشىت جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ دەرھال ماشىنا كىرا قىلىپ قېچىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ پ × × نى ئېلىپ يولۇچىلارنى توشۇش بېكىتىگە كەلدى . ئۇ يەردە كونا شەھەر ساقچىخانىسىنىڭ بىر نەچچە ساقچىسى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى . پ × × نى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ ، پ × × كە :

—سەن نەق مەيداندا بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان تونۇيسەن ، ساقچىلارغا ماسلىشىپ ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەملەش ، —دېدى .

ئابدۇرېشىت دېلو تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئىدارە رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىش ئۈچۈن كونا شەھەر ساقچىخانىسىغا كەلدى . شۇ چاغدا دوختۇرخانىدىن A نىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەنلىك خەۋىرى كەلدى . ئىدارە رەھبەرلىكى دېلونىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا قاراپ ، دېلوغا جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ، دەرھال دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇردى . دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇختەر ئىبراھىمنى مەسئۇل قىلىپ ، ئابدۇرېشىتنى بىۋاستە دېلو تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى .

مۇختەر ئىبراھىم جەسەت تەكشۈرۈش ، نەق مەيدان تەكشۈرۈشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ، دېلو تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يولۇچىلارنى توشۇش بېكىتىگە كەلدى . بېكەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساقچى :

—ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ بۇ يەرگە كىرمىدى —دېدى .

بۇ ئەھۋال مۇختەر ئىبراھىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . ئۇ ئابدۇرېشىتقا :

—بىز جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ باشقا يەردىن پۇل تېپىپ ماشىنا كىرا قىلىشىنى ئويلاشماپتۇق ـ دە ، —دېدى .

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر كۆپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان كونا شەھەر بازىرىنى تەكشۈرۈشكە ، كونا شەھەر بازىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان كونا شەھەر ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى ئەكرەم جاپپارنى ئەھۋالنى ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇردى . ئەكرەم جاپپار كونا شەھەر ئىچىدىكى بىر نەچچە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ جىنايەت گۇماندارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ چىقىپ :

—مۇختەر ، پەرىزىڭىز ئورۇنلۇق ئىكەن ، ئا × × بىلەن يەنە ئۈچ ئادەم ئەتىگەندە بىر ئاشخانىدا تاماق يەپتۇ . شۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بىر «شيالى» نى 250 يۈەنگە كىراغا ئوقۇشۇپ بېرىپتىكەن ، ئۈرۈمچىگە ماڭغىلى تېخى يېرىم سائەت بولماپتۇ ، —دېدى .

مۇختەر ئىبراھىم بۇ ئەھۋالنى ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ شۈيدۇڭغا دوكلات قىلدى . ۋاڭ شۈيدۇڭ :

—مۇختەر ، سېنىڭ يانفونۇڭ 24 سائەت ئوچۇق تۇرسۇن ، سىلەر دەرھال ئىدارىگە قايتىپ كېلىڭلار ، مەن ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىمەن ، سىلەر كەينىدىن قوغلاڭلار ، —دېدى .

مۇختەر ئىبراھىم ، ئابدۇرېشىت پ × × كە جىنايەت گۇماندارلىرىنى تونۇتۇشنى مەسلىھەتلىشىپ ، پ × × نى بىرگە ئېلىپ ج خ ئىدارىسىگە باردى ھەمدە سىياسىي كومىسسار ۋاڭ شۈيدۇڭ تەييارلاپ قويغان ماشىنا بىلەن جىنايەت گۇماندارلىرىنى قوغلاپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى . مۇختەر ئىبراھىم جىنايەت گۇماندارلىرىنى قوغلاپ يېتىشەلمەي قاچۇرۇپ قويۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ :

—ئابدۇرېشىت ، شيالىنىڭ سۈرئىتىمۇ خېلى تېز ، ئۇلار كۆپ ئىلگىرىلەپ كېتىپ قالغان بولسا ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ چىققۇچە يېتىشىۋالالمىساق ، ئۇلار ئۈرۈمچى

شەھىرىگە كىرىپ كەتسە دېلو تەكشۈرۈشمۇ قىيىنلاشقۇدەك ، —دېدى .

مۇختەر ئىبراھىم دەرھال سىياسىي كومىسسار ۋاڭ شۈيدۇڭغا تېلېفون قىلىپ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىدى . ۋاڭ شۈيدۇڭ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ :

—سىنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ ؟ —دېدى .

—مېنىڭچە ، يوقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ساقچىلىرىغا خەۋەر قىلىپ قويساق ، ئۇلار توساق قۇرۇپ «شيالى» ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ باقسا ، دەيمەن .

—بولىدۇ ، سىلەر خاتىرجەم بولۇپ تېز قوغلاڭلار .

مۇختەر ئىبراھىم ھەر 10 مىنۇتتا ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى . ئۇلار دۆلەت تاش يولى 312 ـ يولىنىڭ توقسۇن ـ داخېيەن يولى بىلەن كېسىشىدىغان بۆلىكىگە يېتىپ بارغاندا ، مۇختەر ئىبراھىمنىڭ يانفۇنى سايرىدى . تېلېفوننى سىياسىي كومىسسار ۋاڭ شۈيدۇڭ ئۇرغان ئىدى . ئۇ :

—مۇختەر ، سىلەر توغرا پەرەز قىلغان ئىكەنسىلەر ، ھازىر تېز سۈرئەتلىك تاشيول قوغداش ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتىدىن تېلېفون كەلدى . ئۇلار بىر گۇمانلىق «شيالى» نى تۇتۇپ قاپتۇ . ماشىنىدا تۆت ئادەم بار ئىكەن ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ قان ئىكەن ، سىلەر بېرىپ تونۇپ ئېلىپ كېلىڭلار ، —دېدى .

ئۇلار پارچە ساغالغا يېتىپ باردى . پ × × جىنايەت گۇماندارلىرىنى تونىدى . مۇختەر ئىبراھىم ، ئابدۇرېشىت شېرىپ ئۇلارنى تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىپ سوراق قىلدى . ئۇلار ئۆز قىلمىشىنى ئىقرار قىلدى . ئە × × نى ئاتىسى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى .

قانۇن دوختۇرى A نىڭ جەسەتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، A باشقىلار تەرىپىدىن گال نەرسە بىلەن باش قىسمىغا ئۇرۇلۇپ ، مېڭىسىگە كۆپ مىقداردا قان چۈشۈپ ئۆلگەن ، —دەپ يەكۈن چىقاردى .

جىنايەت گۇماندارى ئە × × ، ئا × × ، ر × × ، ئە × × 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەستەن زەخىملەندۈرۈش گۇماندارى ، دەپ قارىلىپ جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى .

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يۇقىرىقى جاۋابكارلارنىڭ جىنايى پاكىتى ، قىلمىشىغا ئاساسەن ، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ ، جاۋابكار ئە × × نى قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 5000 يۈەن تۆلەشكە ؛ جاۋابكار ئا × × نى قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىپ ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ، قاچقان جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى ، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ، 1000 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە ، يىغىندى جازا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىپ ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 5000 يۈەن تۆلەشكە ھەم 1000 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە ؛ جاۋابكار ر × × نى قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ، 1000 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە ، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ، 1000 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە ، يىغىندى جازا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ، 2000 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 5000 يۈەن تۆلەشكە ؛ جاۋابكار ئە × × نى قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 5000 يۈەن تۆلەشكە ھۆكۈم قىلدى .



# باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىش

لياڭ شۈي

ئېرىنىڭ يامان خاراكتېرلىك كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل لازىم بولۇپ قالدى. ئېرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان ئايال ئار - نومۇسقا چىداپ، باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىپ، ئېرىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدىغان پۇل تاپتى. ئېرىنىڭ كېسىلى ساقايدى، ئەمما ئايال ئەيىبلىنىپ سوتقا چىقىپ قالدى...

## تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىش

لى دەندەن ۋە دۇ جىنشىن ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداش ئىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ دالىيەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خۇشال - خۇرام توي قىلىشتى.

تويدىن كېيىن، گەرچە تۇرمۇشى سېرىقتال ئۆتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلى توق ئۆتتى.

بىر كۈنى دالىيەن «شۇاڭشىن» سودا شىركىتىدە مەلۇمات يوللىغۇچى بولۇپ ئىشلەيدىغان لى دەندەن ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىن كەلگەن جىددىي تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالدى. «ئېرىڭىز دۇ جىنشىن ئىشخانىدا ھوشىدىن كەتتى، دەرھال شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كېلىڭ.» لى دەندەننىڭ كاللىسى شۇئانلا ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ دوختۇرخانىغا كەلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا كەسپىي تەلەپپۇزدا:

—ئېرىڭىز ھېپوفىز ئۆسمىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپتۇ، —دېدى. لى دەندەن قاققان قوزۇقتەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. دوختۇرنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇپ:

—ياخشى خاراكتېرلىكمۇ ياكى يامان خاراكتېرلىكمۇ؟ —دەپ سورىدى.

—بۇنى ئېنىق دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن بىلگىلى بولىدۇ، —دېدى دوختۇر. لى دەندەن ئورۇندۇقتا خۇددى دەلدۈشتەك جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى...

خېلىدىن كېيىن لى دەندەن دوختۇرنىڭ قولىدىن دىئاگنوز قەغىزىنى ئالدى. دوختۇر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

—ئېرىڭىزنىڭ كېسىلى ھازىرچە ياخشى خاراكتېرلىكتەك قىلىدۇ. ئەمما، دەرھال باش سۆڭىكىنى ئېچىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش كېرەك. بولمىسا ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە، ئاسانلا راكقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا چىقماي قالىدۇ، —دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئۇنىڭغا:

—بۇ ئوپېراتسىيە ئۈچۈن كېتىدىغان جەمئىي خىراجەت 100 مىڭ يۈەندىن ئاشمايدۇ. ئەمما،

ئوپېراتسىيە داۋامىدا كۈتۈلمىگەن بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا ياكى مېڭىدە باشقا كېسەللىك بايقالسا ، خىراجەت ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ، 200 مىڭ يۈەنچە پۇل تەييارلاڭ ، — دېدى .

200 مىڭ يۈەن ؟ بۇ زور سان لى دەندەننىڭ كاللىسىدا پىرقىراشقا باشلىدى . ئەر - خوتۇننىڭ يېمەي - ئىچمەي دېگۈدەك يىغقان پۇلى ئاران 10 مىڭ يۈەنچە بار ئىدى . بۇ پۇل ئوپېراتسىيىگە كېتىدىغان خىراجەت ئالدىدا پەقەت بىر تامچىلا ئىدى .

ئۇلار ئەر - خوتۇن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن گەپ - سۆز قىلماي جىمىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى . قەيسەر لى دەندەن يۈز - كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ :

— ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ كېسەللىكىڭىزنى داۋالىتىمىز ، — دېدى .

— ئىقتىسادى ئەھۋالىمىز سەل ياخشىلانغاندا بىر گەپ بولار ، — دېدى دۇجىنشىن .

— بولمايدۇ ، دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ ، بۇ كېسەلنى ئارقىغا سۈرەشكە بولمايدىكەن ، — دېدى لى دەندەن ئالدىراپ ، — ئامال - چارە ھامان قىيىنچىلىقتىن كۆپ بولىدۇ . بىز بۇ مۇشكۈل ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتەيلى .

### ئاسماندىن چۈشكەن ئامەت

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى . لى دەندەن ئاران 20 مىڭ يۈەن جەملىيەلىدى . بۇ ئەلۋەتتە ئوپېراتسىيە ئۈچۈن ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى .

ئۇنىڭ يۈرىكى ئېرىنىڭ كۆزىدىن - كۆزىگە تارتىلىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ ، پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىيتتى . بىر كېچىسى تۈن يېرىمىدە ئۇ توختىماي كېلىۋاتقان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىغا چىدىيالمىغان ئېرى يوتقاننى ئورىۋېلىپ تامغا ئۇسۇۋاتاتتى . لى دەندەننىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى . ئۇ ئېرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، يىغلاپ تۇرۇپ :

— كېسەللىكىڭىزنى جەزمەن داۋالاپ ساقايتايلى ، ئەمدى مۇنداق ئازابلىنىۋەرسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى .

لى دەندەننىڭ خاراموش ھالىنى شىركەتتىكىلەر كۆرۈپ تۇراتتى ، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېسداشلىق قىلىش ، ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا ياردەم كەلمەيتتى . ئۇنىڭ ئەھۋالى شىركەتنىڭ دىرېكتورى لىيۇياڭنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

لىيۇ دىرېكتور لى دەندەننى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ :

— شياۋلى ، ئېرىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپتىم ، بىرەر قىيىنچىلىقىڭىز بارمۇ ؟ — دېدى .

لى دەندەن ئەلەم بىلەن :

— قولىنىڭ قىسقىلىقى بەك يامان ئىكەن ، — دېدى . لىيۇياڭ ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ :

— مەن ياردەم قىلاي ، — دېدى .

بۇ سۆز لى دەندەننىڭ يۈرىكىدە زور سىلكىنىش پەيدا قىلدى . ئامالسىز قالغان لى دەندەن سالاھىيىتىگە ياراشمىغانراق ھالەتتە :

— راستمۇ ؟ ! ليۇ دىرېكتور ، مېنى كولدۇرلاتماڭ ، — دېدى .

— مېنىڭ گېپىم گەپ ، — دېدى ليۇياڭ ۋە ئالدىرىماي داۋام قىلدى ، — ئەتە چۈشتىن بۇرۇن «تيەنخۇ» قەھۋەخانىسىدا تەپسىلىي سۆزلىشەيلى .

لى دەندەن شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەلگەندە ، شىركەت دىرېكتورىنىڭ پۇل بېرىپ تۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېرىگە يەتكۈزدى . دۇجىنشىنمۇ خوش بولدى ۋە :

— بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى شۇنداق ياخشىمىدۇ ، ئەگەر باشقىچە غەرىزى بولسا ، مەن قوشۇلمايمەن ، — دېدى .

ئېرىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن لى دەندەننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى . راست ، لىيۇياڭ شۇنداق سېخىمىدۇ ؟ شۇ كېچىسى ئۇنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇ ئەتە لىيۇياڭنىڭ ئۆزىدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى ... «لىيۇياڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل بېرىپ تۇرماقچى بولۇشىدا باشقا غەرىزى بارمۇ - يوق ؟» دېگەن مەسىلە ئۇنى چىرمىۋالدى...

ئەتىسى ئۇنىڭ دىلغۇللىقتىكى كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى . ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى ساتمايدىغان ئىش بولسا ، ئېرىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن مەسلىھەتلەشسەڭ بولىدۇ ، دەپ ئويلىدى ئۇ .

## باشقىلار ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بېرىش

لى دەندەن ۋەدە بويىچە «تيەنخۇ» سارىيىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى قەھۋەخانىغا كەلدى . قەھۋەخانىنىڭ جىمجىت كەڭ زالىدا 30 ياشلاردىكى بىر ئايالدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى . لى دەندەن ئۈمىدسىزلەندى . شۇ چاغدا زالدىكى ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، مۇلايىملىق بىلەن :

—سىز لى دەندەن بولامسىز ؟ — دېدى . لى دەندەن ھەيران بولدى . ئۇ ئايال ئۆزىنى تونۇشتۇردى ، — مېنىڭ ئىسمىم خاۋيۇ ، ليۇياڭنىڭ ئايالى بولىمەن . بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىراش ئىشى چىقىپ قالغاچقا مەن كەلدىم . بىز ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق قانداق ؟

لى دەندەن ئولتۇردى . خاۋيۇ ئالدىرىماي سۆز باشلىدى :

—ئېرىڭىزنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇلغا موھتاج بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى ليۇياڭ ماڭا ئېيتتى . بىزنىڭ سىزگە بەكلا ياردەم قىلغۇمىز بار .

— سىزگە ۋە ليۇ خوجايىنغا رەھمەت ، — دېدى لى دەندەن سەمىمىي تۈردە . خاۋيۇ بىردىنلا سۆزىنى يۆتكىدى :

—بىزنىڭمۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە تايىنىدىغان بىر ئىشىمىز بار . بىزنىڭ توي قىلغىنىمىزغا خېلى يىللار بولدى ، بىراق بالا يۈزى كۆرمىدۇق . مەندە تۇغالماسلىق كېسىلى بار . كۆپ دورا يېگەن ھەمدە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلانغان بولساممۇ ھېچنېمىگە كار قىلمىدى ، مەغلۇپ بولدۇم . ليۇياڭ بالىغا بەك ئامراق . قوشنىلارنىڭ بالىسىنى كۆرسە قۇچىقىغا ئېلىپ ، زادىلا قويۇۋەتكىسى كەلمەيدۇ . مەن ئاجرىشىپ كېتەيلى دېدىم ، ئەمما ئۇ قوشۇلمىدى ، —خاۋيۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى . ئۇ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان قولى بىلەن لى دەندەننىڭ مۈرىسىدىن چىڭ تۇتۇۋالغانىدى ، — مېنىڭ يېشىم سىزدىن چوڭ ، مېنى ھەدە دەڭ ، مەن ھەدىڭىز سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

لى دەندەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ليۇياڭ ۋە خاۋيۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ـ دە ، دەسلەپتە تىترەپ كەتتى ، ئېچىندى ، ئاندىن غەزەپلەندى ، خورلۇق ھېس قىلدى . ئۇ ئورنىدىن شاققىدە تۇردى . كۆڭلىدە زور زىددىيەت داۋالغۇيتتى . ئۇ ھاسىرىغانىدەك نەپەسلىنەتتى ، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى...

خاۋيۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى زىددىيەتنى ھېس قىلدى :

—دەندەن ، سىز ئاتالمىش ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن بىزنىڭ تەلىپىمىزنى رەت قىلىشىڭىزمۇ بولىدۇ . ئەمما ، ئېرىڭىزنىڭ كېسىلى خەتەرلىك ، ۋاقتىدا داۋالاتمىسىڭىز بولمايدۇ . سۆيۈملۈك ئېرىڭىز ئۈچۈن ئازراق قۇربان بېرىشنى خالىمامسىز ؟ مۇنداق بولسۇن ، سىز ماڭا ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرىڭ .

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن لى دەندەنگە 30 يىلدىنمۇ ئۇزۇن تۇيۇلدى . ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى ئايىغى چىقماس قاراڭغۇ تونېل ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك خارامۇش ئىدى . ئۇ خاۋيۇنىڭ «ئۇتونۇشى» ئۈستىدە ئويلىناتتى : ئەگەر لى دەندەن ئۆزىنىڭ تۇخۇمى بىلەن خاۋيۇنىڭ ئېرى ليۇياڭنىڭ ئۇرۇقىنى «بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلىنىش» ئۇسۇلى بويىچە ئۇرۇقلاندۇرۇپ ، ئۇلارغا بىر بالا تۇغۇپ بەرسە ، بالا ساغلاملا بولسا ، ئۇلار 200 مىڭ يۈەن بەرمەكچى بولاتتى . لى دەندەننىڭ ھامىلدار بولغانلىقى دەلىللەنسىلا 100 مىڭ يۈەن بەرمەكچى ، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن 100 مىڭ يۈەننى بەرمەكچى ئىدى .

بىر كۈنى دۈجىنشىن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ : «بۈگۈن گېزىتتىن غەلىتە بىر ئىش»نى كۆردۈم . بىر ئالىي مەكتەپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسى باشقىلارغا بالا تۇغۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقىرىپتۇ . بۇ كەڭ جاھاندا خىلمۇخىل ئىش بولىدىكەن» دېدى . لى دەندەننىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى ـ دە ، ئۇ ئېرىدىن بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدى . دۈجىنشىن : «ھەركىمنىڭ ئۆز پىرىنسىپى بولىدۇ . بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس» دېدى . ئېرىنىڭ مۇنداق كەڭ قورساقلىقى بىلەن لى دەندەننىڭ كۆڭلى خېلى تەسكىن تېپىپ قالدى . ئۇ ھاياجانلىنىپ ، ئۆز خىيالىنى ئېرىگە ئېيتماقچى بولدى ، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن لى دەندەن ئېرىدىن يوشۇرۇنچە خاۋيۇ ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش تەرتىپىنى ئورۇنلىدى .

ئۈچ ئايدىن كېيىن ، لى دەندەن هامىلىدار بولغانلىقىنى هېس قىلدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ليۇياڭ 100 مىڭ يۈەننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

دۆجىنشىن شەھەرلىك دوختۇرخانىدا باش سۆڭەكنى ئېچىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى . ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . ئۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە ، لى دەندەن پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئېرىگە قارىتىپ ، پۈتۈن مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن ئۇنى كۈتتى ...خوتۇنىنىڭ مۇنداق مېھىر ـ شەپقىتىنى كۆرگەن دۆجىنشىن پات ـ پاتلا ھاياجاندا يىغلىۋېتەتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا داۋالىنىۋاتقانلارمۇ لى دەندەننى ئالتۇندەك ئايال ئىكەن ، دەپ ماختىشاتتى . بۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلىغاندا ، دۆجىنشىنىڭ كۆڭلى زەمزەم ئىچكەندەك يايراپ كېتەتتى .

8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا دۆجىنشىن ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى .

بۇ چاغدا ، لى دەندەن گەرچە هامىلىدار بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا بولۇش خۇشاللىقى قوزغالمىغانىدى ، شۇڭا ئۇ ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ، سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرەتتى . ئىمكان بار قورساقتىكى بالىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى تىلەيتتى ، بىراق ئۇ تىلىكىگە يېتەلمىدى . بەش ئايدىن كېيىن ، لى دەندەن نائىلاج ئېرىگە «مەن هامىلىدار» دېدى . دۆجىنشىن ئايالىدىكى روھىي چۈشكۈنلۈككە دىققەت قىلماي خۇشال بولۇپ ، ئۆز سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى قىلىپ ، هامىلىدار ئايالنى كۈتتى . ئېرى كۆيۈنگەنسېرى لى دەندەن شۇنچە ئازابلىناتتى .

لى دەندەن ئوڭۇشلۇق هالدا ئوغۇل بوۋاق تۇغدى . ئۇنىڭغا «دىيۇدىيۇ» دەپ ئىسىم قويدى . يىغلاپ يۈز ـ كۆزى قىزىرىپ كەتكەن بوۋاقنى باغرىغا باسقاندا ، ئۇنىڭ قەلبىدە زور تەۋرىنىش پەيدا بولدى . بۇ بوۋاق ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى .

لى دەندەننىڭ بۇدرۇققىنە ئوغۇل بوۋاق تۇغقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ليۇياڭ ئەر ـ خوتۇننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . ئۇلار مول سوۋغا ـ سالام ئېلىپ دوختۇرخانىغا لى دەندەننى يوقلاپ باردى . ئۇلار ياتاققا كىرىپ كەلگەندە ، لى دەندەن بىلەن دۆجىنشىن بوۋاقنى ئوينىتىۋاتاتتى . لى دەندەن ئۇلارنى كۆرۈپ ، كۆڭلى غەش بولدى ـ دە ، دەرھال ئېرىگە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ :

— بۇلار مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن شىركەت دىرېكتورى ليۇياڭ ۋە خانىمى خاۋيۇ بولىدۇ ، — دېدى . سوغۇق سالاملىشىشتىن كېيىن ، ليۇياڭ سالاپەتكە يات ھالدا بالىنىڭ ئۈجمىدەك چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ ، ئىختىيارسىزلا ئۇنى قولىغا ئالماقچى بولدى . لى دەندەن ئۇنى مەقسەتلىك توسۇپ قويدى ، ليۇياڭمۇ خىجىل بولۇپ قالدى . لى دەندەن ئېرىنى ماڭدۇرىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارغا :

— بالا بىر ئايلىق بولغان ھامان سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن . بولمىسا سۈت يېتىشمەي ، بالىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ ، — دېدى .

ليۇياڭ ئەر ـ خوتۇن ئۆيىگە قايتىۋاتقان يولدا خاۋيۇ ئېرىگە :

— لى دەندەن بالىدىن ئايرىلالمايدىغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى .

— مېنىڭ قولۇمدا «كېلىشىمنامە» بار ، — دېدى ليۇياڭ كۆرەڭلەپ ، — ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس .

## سوتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا

لى دەندەننىڭ قىرقى مەزگىلىدە ، ليۇياڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بېرىپ تۇردى . ئۇلار دىيۇدىيۇغا ئالاھىدە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تىكىلگەندە ، بىر چەتتە تۇرغان دۆجىنشىن بىئارام بولاتتى . ئۇ بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ بوۋاققا بولغان كۆيۈنۈشىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆيۈنۈشىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ ، بۇ بوۋاق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈزۈلمەس رىشتە بارمۇ ـ قانداق ، دەپ ئويلاپ قالاتتى . بىراق ، بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن تېزلا يوقىلاتتى .

دۆجىنشىن بوۋاققا ئاتىلىق مۇھەببىتىنى ئاتا قىلاتتى ، لى دەندەن بولسا ئازابلىناتتى .

بالا بىر ئايلىق بولۇپ قالاي دېدى . لى دەندەننى غەم باستى ، چۈنكى بالىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان كۈن يېقىنلاۋاتاتتى .

بىر كۈنى ئۇ زاكىلانغان بوۋاقنى ئىختىيارسىزلا سۆيدى . دەل مۇشۇ چاغدا بوۋاق ۋىلىققىدە

كۆلدى . مانا شۇ قىسقا دەقىقىلىق كۆلكە لى دەندەننىڭ گۆلقەقەسىنى ئېچىلدۇرۇۋەتتى ، ئۇنىڭ چەكسىز ئانىلىق رىشتىسىنىڭ ئالتۇن يىپىنى يۈرىكىگە چىگىۋەتتى . ئۇ شۇندىلا كۆڭلىدە ، بۇ بالا مېنىڭ ، ھېچكىم ئۇنى مېنىڭ باغرىمدىن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ ، دېدى .

ۋاقىت تۇشۇپ ، لىيۇياڭ ئەر ـ خوتۇن بالىنى ئالغىلى بارغاندا ، لى دەندەن قايغۇرغان ھالدا :

— بالىنىڭ تېنى ئاجىز ، ئانا سۈتىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ . ئالتە ئاي ئۆتسۇن ، مەن بالىنى پاقلاندەك سەمرىتىپ باقاي ، شۇ چاغدا ئېلىپ كېتىڭلار ، — دېدى . لىيۇياڭ ئەر ـ خوتۇنلار ئالاھىدە سالاھىيىتى بار ئادەملەر ئىدى ، شۇڭا زورلىيالمايتتى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يېرىم يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى . لى دەندەن بالا گەپ قىلالىغۇدەك بولغاندا ئېلىپ كېتىڭلار ، دېدى .

2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ، ئانا ـ بالا ئويناۋاتقاندا ، دىيۇدىيۇ بىردىنلا ئۆزىنى لى دەندەننىڭ باغرىغا ئېتىپ ، تولىمۇ سۈزۈك ئاۋازدا «ئانا» دەپ توۋلىدى . بۇ سەبىي بوۋاقنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى ، بىر خىل بەخت ئېقىمى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى .

بالىنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى . لىيۇياڭ ئەر ـ خوتۇنىمۇ ھەدەپ ئالدىرىتىۋاتاتتى . ئەمما ، لى دەندەن بالىنى ئېلىپ قېلىش قارارىغا كەلگەنىدى . بىراق ، ئۇ تاكى ھازىرغا قەدەر ھەممىدىن خەۋەرسىز ئېرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش كېرەك ئىدى . ئۇ ئېرىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى . ئۇ ئېرىنى ئالدىغا چاقىرىپ ، ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئازاب ئىچىدە سۆزلەپ بەردى . دۈجىنشىن داڭقېتىپ قالدى ، دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى . لى دەندەن خاتىرجەم ھالدا :

— جىنشىن ، مەن سىزنىڭ مۇنداق ئار ـ نومۇس ئىچىدە ياشىشىڭىزغا چىدىيالمايمەن ، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى ، — دېدى .

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . كۆزلىرى قىزىرىپ ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن دۈجىنشىن لى دەندەننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى :

— ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت ، ئەمما مېنىڭ بۇ ناتونۇش بالىنىڭ يۈزىگە قاراشقا ئامالىم يوق .

لى دەندەن كۆزىگە لىققىدە ياش تولغان ھالدا باش لىڭشىتتى ۋە «ئاجرىشىش كېلىشىمى» گە قول قويدى .

يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قاراپ تۇرغان لى دەندەن ئۆزىنى بىپايان دېڭىزدىكى يالغۇز قولۋاقتەك ھېس قىلدى : «مەن نېمىنى خاتا قىلدىم ؟ ئۆزۈم سۆيگەن ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇشىممۇ خاتامۇ ؟ !»

لىيۇياڭ دېيىشكەن قاراردا لى دەندەننىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ 100 مىڭ يۈەننى شىرە ئۈستىگە قويۇپ ، بالىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا ، لى دەندەن :

— بالىنى بەرسەم بولمايدۇ ، مەن قەرز بولغان 100 مىڭ يۈەننى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن ، — دېدى . ئۇ توختامنى بۇزدى ، لىيۇياڭ ئاچچىقلىنىپ :

— ئارىمىزدا كېلىشىم بار ، سىزنىڭ مۇنداق ۋاپاغا جاپا قىلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن ، ئۇنداقتا سوتتا كۆرۈشەيلى ، — دېدى .

بالىنىڭ ئىمىش مەزگىلى توشۇشى بىلەن لى دەندەن سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدى . لىيۇياڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلغانىدى . ئۇ بالامنى بەرسۇن ، يەنە روھىي زىيان ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىسۇن ، دەپ تەلەپ قىلغانىدى .

لى دەندەن چۆچۈپ كەتمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدا ، ھەرقانداق ئادەم بالامنى تارتىۋالىمەن دەپ ئويلىمىسۇن ، دېگەن بىرلا خىيال بار ئىدى .

سوت مەھكىمىسى كۆپ قېتىم مۇرەسسە قىلدى . لىيۇياڭ ئەر ـ خوتۇننىڭ مەقسىتى بالىنى ئېلىش ئىدى . ئۇلار سودىيىگە : «پەقەت بالىنىلا بەرسە ، قالغىنىنى سۈرۈشتۈرمەيمىز» دېدى . سودىيە ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتىنى لى دەندەنگە يەتكۈزگەندە ، لى دەندەن كۈلۈپ تۇرۇپ : «مېنىڭ دەيدىغان گېپىم يوق ، سوتتا كۆرۈشەيلى» دېدى .

سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى ئاشكارا سوتلىمىدى . لى دەندەننىڭ سابىق ئېرى گۇۋاھچى سۈپىتىدە سوتقا قاتناشتى . دەۋاگەر لىيۇياڭ ئەيىبلەش ئاساسلىرىنى بايان قىلدى . لى دەندەن ئۆزىنى

ئاقلاپ مۇنداق دېدى :
—مەن ئېغىر كېسەل ئېرىمە-
نى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، لېيۇياڭ
بىلەن «بالا تۇغۇپ بېرىش كېلى-
شىمى» ئىمزالىغان . مەن ئار ـ
نومۇس ئىچىدە قورساق كۆتۈردۇم .
مەن دەسلەپتە بۇ بالىنى قاغىدىم ،
ئۇ تۇغۇلۇپ كۈنلەر ئۆتكەنسېرى
ئانىلىق مۇھەببىتى مېنى بالىدىن
ئايرىلالمايدىغان قىلىپ قويدى .
مۇشۇ بالا ئۈچۈن مەن سۆيۈملۈك
ئېرىمدىن ، قىزغىن سۆيىدىغان
خىزمىتىمدىن ئايرىلدىم . باشقى-
لار بەلكىم شۇنداق قىلىشىمنىزغا
ئەرزىمدۇ ، دېيىشى مۇمكىن .
ئەمما ، مەن بۇ بالا بىلەن بىللە
ياشىمىسام بولمايدۇ ، ئانا ـ بالى-
لىق رىشتىسىنى ھەرقانداق ئادەم
ئۆزگەرتەلمەيدۇ !

سوتدىيە لى دەندەننىڭ جەسۇ-
رانە ئىپادىسىگە قاراپ ، سوت ھۆ-
كۈمىنى باشقا كۈنى ئېلان قى-
لىشنى قارار قىلدى .

لېيۇياڭ بالىنىڭ ئۆزىگە بېرى-
لىشىگە ھۆكۈم قىلىنىشىنىڭ
مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قى-
لىپ ، سوت مەھكىمىسىگە لى
دەندەننىڭ 100 مىڭ يۈەن قەرزىنى
قايتۇرۇشى ، روھىي زىيان ئۈچۈن
50 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىشىنى
ئوتتۇرىغا قويدى .

بىر ئايدىن كېيىن سوت
مەھكىمىسى بۇ دېلونى يەنە بىر
رەت يىپىق ھالەتتە سوت قىلدى
ھەمدە مۇنداق ئاخىرقى ھۆكۈمنى
چىقاردى : لى دەندەن 15 كۈن ئە-
چىدە لېيۇياڭنىڭ 101 مىڭ 598
يۈەن 12 پۇڭ (ئۆسۈمىمۇ مۇشۇ-
نىڭ ئىچىدە) پۇلىنى قايتۇرىدۇ .
روھىي زىيان تۆلىمى تۆلىمەيدۇ .

لى دەندەن ھۆكۈمنامىگە قول
قويماي دەۋاتقاندا ، سوتخانىغا دۇ-
جېنشېن كىرىپ كەلدى . ئۇ لى
دەندەننىڭ سولغۇن چىرايىغا قا-
راپ ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە
ياش كەلدى . ئۇ ھاياجان بىلەن :
— دەندەن ، مېنى كەچۈرەر-
سىزمۇ ؟ سىز ۋە بالىدىن ئايرىل-
غان كۈنلەردە ، مەن ئۆزۈمنىڭ
بەك شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىمنى
ھېس قىلدىم . تېخىمۇ مۇھىمى ،
سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى
زادىلا باسالمىدىم ، —دېدى .

دۇجېنشېن يۈز ـ كۆزىدىكى
ياشنى سۈرتۈۋېتىپ ، سوتدىيە تە-
رەپكە قاراپ ماڭدى . يانچۇقىدىن
بىر دەستە پۇلنى چىقىرىپ :
— مانا بۇ لېيۇياڭغا قايتۇرۇ-
لىدىغان پۇل ، سانىۋېلىڭ —
دېدى ۋە ئاندىن ھەيران بولۇپ تۇ-
رۇپ قالغان لى دەندەنگە قارىدى —
خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ پاك پۇل ،
مېنىڭ ئۇنى قايتۇرغۇدەك ئىقتى-
دارىم بار .

ئارقىدىنلا ئۇ لى دەندەننىڭ
يېنىغا كېلىپ ، يىغلاۋاتقان
لى دەندەننىڭ قولىنى مەھكەم
تۇتۇپ :
— يۈرۈڭ ، ئۆيىمىزگە كې-
تەيلى ، —دېدى .

2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مۇخ-
بىر يارىشىۋالغان ئەر ـ خوتۇن
دۇجېنشېن ۋە لى دەندەننى زىيا-
رەت قىلدى . مۇخبىر ئۆيگە
كىرگەندە ، دۇجېنشېن دېيۈدىيۇ-
نى ئوينىتىۋاتاتتى . لى دەندەن :
«بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كە-
چۈرگەندىن كېيىن ، بىز ھازىرقى
تۇرمۇشىمىزنى بەكلا قەدىرلەيدى-
غان بولۇپ كەتتۇق» دېدى .

*«باشقىلار ئۈچۈن بالا تۇغۇپ
بېرىش» ئەخلاق ، ئېتىكا ، قانۇن
قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چې-
تىلىدىغان بولغاچقا ، كىشىلەر
ئۇزۇندىن بۇيان تالاش ـ تارتىش
قىلىپ كەلگەن مەسىلە ئىدى .
تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە ، تۇغۇل-
غان بالىنىڭ ئانىسىنىڭ زادى كىم
ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش تەس
ئىدى . لى دەندەن ئېرىنى قۇتقۇ-
زۇش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغىلا «باش-
قىلار ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بېرىش»
كە قوشۇلىدۇ . بۇنىڭدا ئېرىگە
بولغان مۇھەببەت ، تۇرمۇش ئال-
دىدىكى نائىلاجلىق سەۋەب بولىدۇ .
كېيىن بولسا دېيۈدىيۇغا بولغان
ئانىلىق مۇھەببەت تۇرمۇشنىڭ
گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ .
لېيۇياڭ ئەر ـ خوتۇننىڭ بالىلىق
بولۇشنى ئويلىشىدا شەك يوق .
بىراق ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى «كې-
لىشىمنامە» قانۇنىي جەھەتتىن
پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ . سوتنىڭ
ھۆكۈمىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق . بۇ
يىل سەھىيە مىنىستىرلىكى
«ئىنسانلارنى قوشۇمچە كۆپەيتىش
تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش چارى-
سى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى .
«باشقىلار ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بې-
رىش» 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ
1 ـ كۈنىدىن باشلاپ تامامەن
چەكلەندى . شۇنىڭ بىلەن يوشۇ-
رۇن ھالدا كېلىشىم تۈزۈپ «باش-
قىلار ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بېرىدى-
غانلار»غا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى
چېلىندى . ئادەمدە مېھىر ـ شەپ-
قەت بولىدۇ . ئەمما ، قانۇن رە-
ھىمسىز ، ئۇ ئادىللىققا موھتاج ،
شۇنداقلا ئۇنىڭدا بارمۇ ئادىللىق .*

**ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى**

# نېمە ئۈچۈن ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئۆسمۈر جازاغا هۆكۈم قىلىندى ؟




2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرى ، جياڭسۇ ئۆلكىسى
تۇڭجۇ شەھەرلىك خەلق سوت
مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت
كوللېگىيىسى خەن شۇفېڭ دې-
لوسىنى تەرگەۋ قىلىۋاتقاندا ،
خاتىرىلىگۈچى ئىككى قىزىل
تامغا بېسىلغان بىر پارچە ئىسپات
خەتنى ئوقۇپ ئۆتتى...

*خەن شۇفېڭنىڭ ئەمەلىي ئىپادى-
سى ھەققىدە ئىسپات : خەن شۇ-
فېڭ خېپىڭچياۋ بازىرى شىگاڭ-
سۇن كەنتىمىزنىڭ 6 ـ گۇرۇپپى-
سىدا ئولتۇرۇشلۇق چىن جىشە-
نىڭ ئوغلى . ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىدە
ئىش كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان مەز-
گىلدە ھېچقانداق قانۇن ـ تۈ-
زۈمگە خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر
قىلمىغان ، جەمئىيەتنىكى قانۇننى
بۇزغۇچى ياشلار بىلەن ئارىلى-
شىپ باقمىغان . ئۇ قوشنا ـ قو-
لۇملىرى بىلەن ئىناق ـ ئىجىل
بولۇپ ، كەنتتىكىلەر بىردەك ئې-
تىراپ قىلىدىغان ياخشى بالا ئىدى .
ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوغرىنى
قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا ئۆزى-
نىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېساب-
لاشماي ، كۆچىنىڭ بارىچە ئوغ-
رىنى قوغلىغان . ئۇنىڭ بۇنداق
ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆر-
سىتىش ھەرىكىتى يەرلىك ھۆ-
كۈمەت ۋە ئاممىنىڭ مۇئەييەن-
لەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا سازا-
ۋەر بولدى . ۋەھالەنكى ، بۇ
قەھرىمان بىردىنلا جىنايەتچىگە
ئايلىنىپ قالدى . كەنتتىكىلەر
ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى دېيىشىۋا-
تىدۇ . بىز قانۇن ئورگانلىرىدىن
خەن شۇفېڭنىڭ گۇناھسىز ئە-
كەنلىكى توغرىسىدا قايتا ھۆكۈم
چىقىرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلى-
مىز . ئۇنداق بولمايدىكەن ،
كىممۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى
قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كې-
رىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ ؟*

شىگاڭسۇن كەنتى ئاھالىلەر كو-
مىتېتى (تامغا)
خېپىڭچياۋ بازارلىق خەلق ھۆ-
كۈمىتى (تامغا)

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى
بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ
ئىسپات بېرىپ خەن شۇفېڭنىڭ
گۇناھسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە
ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلى-
شى زادى قانداق ئىشتۇ ؟

گەپنى 2000 ـ يىل 8 ـ ئاي-
نىڭ 1 ـ كۈنىدە يۈز بەرگەن ۋە-
قەدىن باشلايلى :

ئۇ كۈنى چىڭقى چۈش ، ھاۋا
قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن ئىدى .
جياڭسۇ ئۆلكىسى تۇڭجۇ شەھە-
رى خېپىڭچياۋ بازىرى شىگاڭ-
سۇن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۆس-
مۈر خەن شۇفېڭ ئانىسىنىڭ بې-
تاپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ،
ئالدىراش ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلى-
يەت ئېتىزىنىڭ قىرىنى بويلاپ
ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى . بىردىنلا
«ئوغرىنى تۇتۇڭلار ، ئوغرىنى تۇ-
تۇڭلار !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .
خەن شۇفېڭ بېشىنى كۆتۈرۈشى
بىلەن ئىككى ناتونۇش ياشنىڭ
كەنتتىكى بىر ئۆيدىن ئېتىلىپ
چىقىپ ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە
جەنۇب تەرەپكە قاراپ قېچىپ كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ

ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرمايلا ئوغرىنى قوغلىدى . بويى 1.80 مېتىر كېلىدىغان خەن شۇفېڭ چوڭ قەدەم بىلەن يۈگۈرۈپ ئوغرىغا يېتىشىۋالاي دېگەندە ، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە يالت - يۇلت قىلغان پىچاق كۆرۈندى . ئوغرىنىڭ قولىدا پىچاق بار ئىدى . لېكىن ، خەن شۇفېڭ قىلچە ئىككىلەنمەي ئوغرىنى قوغلاۋەردى .

شۇ كۈنى 63 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان چىن موماي كەينى قورۇسىدىكى دەرەخ سايىسىدا سەگىدەپ ئولتۇراتتى . ئۇ بىردىنلا ئۆي ئىچىدە چىقىۋاتقان شەپىنى ئاڭلاپ ، مۈگدەپ قالغان كۆزىنى يوغان ئېچىپ ، ئىككى ھارامزادىنىڭ ئۆيىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى ، يوتقان - كۆرپە ، ياستۇقلارنىڭ يەردە چېچىلىپ ياتقانلىقىنى ، ھەممىدىن يامان بولغىنى ، ئارىدا بىرەيلەننىڭ ياستۇق ئاستىغا قويۇپ قويغان 100 يۈەندىن جىقراق پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . بۇ پۇل مومايىنىڭ يېمەي - ئىچمەي بىر پۇڭ - بىر پۇڭدىن يىغقان «ئاخىرەتلىك» پۇلى ئىدى ! چىن موماي جېنىنىڭ بارىچە «ئوغرىنى تۇتۇڭلار» دەپ قاتتىق توۋلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن كەنتتىكىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى ، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىشتى . ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن بۇ ئىككى ئوغرى ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئوغرىلىغان پۇلنى تاشلىۋېتىپ ، بەدەر قېچىپ كەتتى .

دەل شۇ پەيتتە خەن شۇفېڭنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى . ئۇ «ئوغرىنى تۇتۇڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقىشىغا ئوغلىنىڭ ئوغرىنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە ، كۈچىنىڭ بارىچە ئوغلىغا قاراپ توۋلاپ ، بىردىنلا ھوشىدىن كەتتى .

پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئوغرىنى تۇتۇش كويىدا بولۇۋاتقان خەن شۇفېڭ ئانىسىنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ ئۆزىنى چاقىرغانلىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدى ، ئوغرىنىڭ يالت - يۇلت قىلىۋاتقان پىچىقىدىنمۇ قورقماي ، قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . ھېلىقى ئىككى ئوغرى نەگە قېچىشىنى بىلەلمەي ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە كەنتتىكى بىر كىچىك دەرياغا ئۆزىنى تاشلىدى . ئارىدا سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان بىرسى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىپ قېچىپ كەتتى . يەنە بىرسى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە گېلىغا كېلىدىغان چوڭقۇرلۇقتىكى سۇدا تېڭىرقاپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقمۇ سۇغا «پولتۇڭ» قىلىپ چۈشۈپ كەتتى .

ھايال ئۆتمەي كىشىلەر قىرغاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپلاشتى . كىشىلەر سۇدىكى ئوغرىنى قىرغاققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىتىپ چالما ، كېسەك ئېتىشقا باشلىدى . شۇ ئەسنادا ، خەن شۇفېڭ ئاتقان بىر خىش پارچىسى ئوغرىنىڭ يۈزىگە تەگدى . ئوغرى قىرغاققا قاراپ بىرەر مېتىردەك سىلجىپ ، سۇغا چۆكۈپ كەتتى - دە ، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى . كەنتتىكىلەر كېيىنرەك يېتىپ كەلگەن ساقچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەريا ئۈزەنلىرىنى ئاختۇرۇپ ، ئوغرىنى تاپالمىدى - دە ، ئوغرى سۇ ئاستىدا ئۈزۈپ قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ تارقىشىپ كەتتى .

بۇ ۋەقەدىن كېيىن كەنتتىكىلەر ھەمىشە سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ئەخلەت - چاۋا يىغىمىز ، دېگەن باھانە بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن كىچىكى توكلۇق قازان ، چوڭى گاز تۇڭىدىن تۇڭلاتقۇغىچە ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ، كەنتتىكى توخۇ - ئىتلارمۇ ئارام خۇدا تۇرالماي ، ئامىمىنىڭ سەۋر - تاقىتى قالمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى .

ۋەھالەنكى ، شۇ قېتىمقى ئوغرىنى قوغلاپ تۇتۇش 17 ياشلىق خەن شۇفېڭغا ئويلىمىغان يەردىن تەسىر كۆرسەتتى . ھېلىقى ئىككى ئوغرىدىن قېچىپ كەتكىنىنىڭ ئىسمى جۇ شىنۇۋ بولۇپ ، 28 ياش ، سۇغا چۆكۈپ يوقاپ كەتكىنىنىڭ ئىسمى جۇ سۇچىڭ بولۇپ ، 18 ياش ئىدى . ۋەقەدىن كېيىن جۇ شىنۇۋ ئۆزى بىلەن بىللە نەنتۇڭ شەھىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان يۇرتداشلىرىدىن 80 دەك كىشىنى شىگاڭسۇن كەنتىگە باشلاپ كېلىپ ، دەريانى ئىككى كۈن ئاختۇرۇپ ، ئاخىرى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇ سۇچىڭنىڭ جەسىتىنى تاپتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئوغرى تۇتۇش ئويلىمىغان يەردىن ئۆلۈم ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

جۇ سۇچىڭنىڭ يۇرتداشلىرى ج خ ئورگىنىغا دېلو مەلۇم قىلدى .

قانۇن دوختۇرى جۇ سۇچىڭنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئوڭ كۆز قىسمىنىڭ خىش پارچىسى بىلەن زەخمىلەنگەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى . تەكشۈرۈش ئارقىلىق «جۇ سۇچىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغان» دېگەن يەكۈن چىقىرىلدى ھەمدە يەكۈننىڭ ئاخىرىغا «جۇ سۇچىڭنىڭ ئوڭ كۆز قىسمىدىكى زەخمىلىنىش تاش ، خىش پارچىسىغا ئوخشاش قاتتىق قورال پەيدا قىلىدىغان زەخمىلىنىشكە ئوخشايدۇ . جۇ سۇچىڭ سۇ ئىچىدە تۇرغاندا زەخمىلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مۇھىت ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەچكە ، ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن . شۇڭلاشقا ، جۇ سۇچىڭنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشى ئۇنىڭ ئوڭ كۆز قىسمىنىڭ زەخمىلىنىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك» دېگەن سۆزلەر قوشۇمچە قىلىندى . ج خ ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ، ئەڭ ئاخىرى ئۆسمۈر خەن شۈفېڭ جۇ سۇچىڭنى زەخمىلەندۈرگەن بىۋاسىتە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ، دەپ بېكىتتى ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەن شۈفېڭنى جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇردى .

«ئوغرى تۇتقان گۇناھكار بولىدىغان ئىش نەدە بار !» بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى . كەنتتىكىلەر بىرلىكتە ھۆكۈمەتكە تۈمەن كىشى ئىمزاسىدا ئىلتىماس سۇندى ھەمدە ئۇلار سەككىز چوڭ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ، خەن شۈفېڭنى بىگۇناھ دەپ قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىشتى ، ئۇلار ئوغرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن 3000 يۈەن يىغىش قىلىپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن بەردى .

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شىگاڭسۇن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چىن فىڭلى شەخسەن ئۆزى كاپالەت بېرىپ خەن شۈفېڭنى سوت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا قايتۇرۇپ چىقتى . كەنتتىكىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزلۈكىدىن يول ئېغىزىغا توپلىنىشىپ خەن شۈفېڭنى كۈتۈۋالدى . خەن شۈفېڭ ئوغرىنى قوغلاپ ماڭغان ئاشۇ چىغىر يوللارغا قايتا قەدەم باسقىنىدا قەلبى ئۆرتەندى . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ قەھرىمان بولۇپ ، كەنتتىكىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئەمەسمىدى ، ئەمدىلىكتە ئۇ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشكە تۆلىگەن بۇ زور بەدەل ئالدىدا قانداق قىلغۇلۇق ؟ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن تۇرسا ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش مۇساپىسىنى قانداق باسقۇلۇق ؟

2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەن شۈفېڭ تۇڭجۇ شەھەرلىك سوتنىڭ چاقىرىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى . ئۆمۈر بويى يېزىدا تېرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن دادىسى بىرەر قېتىممۇ سوتنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ باقمىغان ئىدى . ئۇ قەرز ئالغان بىر نەچچە مىڭ يۈەننى يېنىغا سېلىپ ، ئوغلىنى ئېلىپ نەنتۇڭغا بارىدىغان ماشىنىغا چىقتى .

سوتتا تەپتىش ئورگىنى خەن شۈفېڭنى سەۋەنلىك تۈپەيلى ئادەم ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىدى . خەن شۈفېڭنىڭ ئادۋوكاتى خەن شۈفېڭنى ئاقلىدى . بىرىنچى ، ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا ، جۇ سۇچىڭنىڭ ئۆلۈشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەب ئۇنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆلۈشى خەن شۈفېڭنىڭ خىش پارچىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ كۆز قىسمىنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇشى بىلەن مۇقەررەر سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى يوق . جۇ سۇچىڭ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدۇ . بۇ پاكىت ئۇنىڭ ئۆلۈشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەب . ئىككىنچى ، ئەيىبنامە ۋە پاكىتلار بىردەك جۇ سۇچىڭ زەخمىلەنگەندىن كېيىنمۇ ، ئۇنىڭ شىمال تەرەپكە قاراپ بىرەر مېتىردەك ئالغا قاراپ سىلجىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ زەخمىلەنگەندىن كېيىنمۇ سەگەك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . بۇ پاكىت خەن شۈفېڭنىڭ ئۇنىڭغا قارىتىپ خىش پارچىسى ئېتىپ زەخمىلەندۈرۈپ قويغانلىقى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئۈچىنچى ، جەسەتنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندە «جۇ سۇچىڭنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قېلىشى ئۇنىڭ ئوڭ كۆز قىسمىنىڭ زەخمىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ چىقىرىلغان

يەكۈن پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. ئىسپات قاتارىدا ئىشلىتىلگەن تەكشۈرۈپ بېكىتىش دوكلاتىدا «مۇناسىۋەتلىك» دېگەن سۆزنى قوللىنىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. بۇ تەكشۈرۈپ باھالىماقچى بولغان پاكىتنى توغرا ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىش دوكلاتىنى دېلونى بېكىتىشتىكى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ.

خەن شۇفېڭ ئاخىرقى قېتىم سوتتا سۆزلىگەندە: «بۇ يەردە مەن ھەرقايسى سوتچى ۋە ئەيىبلىگۈچىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ئېتىراپ قىلمىدىم. مەن ئويلايمەنكى، ئائىلەم قول ئىلكىدە يوق نامرات ئائىلە. بۇ ئىش تۇپەيلى ئائىلىمىزدىكى ئاشۇ ئازغىنە پۇل – پېچەكلەرمۇ خەجلىنىپ تۈگىدى. قەرز ئېلىشقا بولىدىغانلىكى يەردىن قەرز ئېلىپ بولدۇق، ھەر قېتىم دادام قەرز سوراپ ئالالمىغاندا كۆزلىرى ياشقا تولىدۇ. ئەمدى مەن دادامنىڭ كۆزىدىن داۋاملىق ياش ئېقىۋېرىشنى خالىمايمەن. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ كۈنى ئوغرىغا قارىتىپ خىش، تاش ئاتقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن ھازىرغىچە مەن ئاتقان خىش پارچىسىنىڭ ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن» دېدى.

ئەيىبلىگۈچى ۋە ئاقلىغۇچىلار ئاخىرقى قېتىملىق سۆزلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن سوت مۇنداق ھېسابلىدى: خەن شۇفېڭ بىپەرۋالىق بىلەن ئاتقان خىش پارچىسى دەريادىكى جۇ سۇچىڭغا تېگىپ، ئۇنى زەخىملەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغان. بۇنىڭدىن سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. لېكىن، خەن شۇفېڭ جىنايەت سادىر قىلغاندا تېخى 18 ياشقا توشمىغان ھەمدە جىنايەت شەكىللىنىشتىكى سەۋەبمۇ ئالاھىدە بولغاچقا، خەن شۇفېڭغا بىر يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش كېرەك.

بۇ دېلوغا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە بىر مەھەل غۇلغۇلا پەيدا بولدى.

قانۇن ساھەسىدىكى نوپۇزلۇقلار مۇنداق دېيىشتى: ئوغرى مۇناسىپ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىمۇ قوغدىلىشى كېرەك. ئۇنى جىنايەت سادىر قىلغان دەپلا خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. بىر ئادەم ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش جەريانى ياكى نورمال قوغدىنىش جەريانىدا زۆرۈر بولغان چەكنى ئىگىلىشى لازىم. بۇ چەك ئەلۋەتتە بىر قانۇنىي دائىرىدە بولۇشى كېرەك. خەن شۇفېڭنىڭ ھەرىكىتى دەسلەپتە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش بولغان، لېكىن ئۇ قولىغا خىش پارچىسى ئېلىپ ئادەم زەخىملەندۈرگەندە ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولغان، دەپ ھېسابلاشتى. يەنە بەزىلەر بولسا، بۇ دېلو مەيلى ئەخلاق جەھەتتىن ياكى قانۇن ۋە پاكىت جەھەتتىن قارالسۇن، دېلو ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئويلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆلگۈچى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان. ۋەھالەنكى، سوت خەن شۇفېڭنىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارىغان. بۇ ئۆزئارا زىددىيەتلىك. يەنە بىر تەرەپتىن، قانۇن دوختۇرى ئۆز پەرىزىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش دوكلاتىغا كىرگۈزگەن. مۇبادا، بۇنى پۈت دەسسەپ تۇرالايدۇ دەپ قارىغاندا، قىرغاقتىكى ئاممىنىڭ ئوغرىنى قورشىۋېلىشى ئوغرىغا نىسبەتەن قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ كىشىلەرگە جازا بېرىلمەيدۇ؟!

خەن شۇفېڭ دېلوسىدىكى باش تەھقىقلىگۈچى سودىيە مۇنداق دەيدۇ: كۆكرەك كېرىپ جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتەك ھەرىكەتلەرگە ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. لېكىن، بۇنداق ھەرىكەتلەر قانۇن يولغا قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. بۇ دېلودا، ئوغرىنىڭ قانۇنسىز دەخلى – تەرۇز قىلمىشى چەكلەنگەن ھەمدە ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى يوقالغان ئاشۇنداق پەيتتە، ساقچىغا مەلۇم قىلىش ياكى كۆپچىلىك بىردەك ھەمكارلىشىپ ئوغرىنى تۇتۇپ ئەدلىيە ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق جىنايەتچى بىلەن بولغان

كۆرەشنى ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىكرەكلىرىگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ دېلو ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئېلىپ ئېيتساق، سوت يېنىك قىلمىش قاتارىدا ھۆكۈم چىقارغان.

بۇ دېلونىڭ ئەيىبلىگۈچىسى ۋاڭ يىشاڭ، خەن شۇفېڭ ئەلۋەتتە ئۆزى ئاتقان خىش پارچىسىنىڭ ئوغرىنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭمۇ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى قىياس قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىپەرۋا ھەرىكىتىدىن ئوغرى ئۆلۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارىدى.

ئوغلىنىڭ ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن ئويلىمىغان يەردىن جازاغا ھۆكۈم قىلىنىشى چىن جىشى ئەر ـ خوتۇنغا قاتتىق ئەلەم بولدى، ئۇلارنىڭ كۆز يېشى قۇرىمىدى.

ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بولسا ئەكسىچە ھۆكۈمگە قايىل بولمىدى. جۇ سۇچىڭنىڭ تاغىسى: «خەن شۇفېڭ قاماقتا بىر يىل ياتامدۇ، ئىككى يىل ياتامدۇ، بۇنىڭ بىلەن چاتىقىمىز يوق، بىز ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي زىيىنىمىزنى تۆلىتىۋالىمىز» دېدى. 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۆلگۈچى جۇ سۇچىڭنىڭ ئانىسى «خەن شۇفېڭ ئائىلىمىزگە زىيان ـ زەخمەت كەلتۈردى» دېگەن سەۋەب بىلەن تۇڭجۇ شەھەرلىك سوتقا ئەرز سۇندى ۋە خەن شۇفېڭنىڭ 50 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قەھرىمان يەنە بىر قېتىم ئەيىبلەندى.

بۇ قېتىم خەن شۇفېڭ ئاتا ـ بالا ئادۋوكات تەكلىپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىغۇدەك نەدىمۇ پۇلى بار دەيسىز. يېزا قانۇن ئىشلىرى ئورنىدىكى خىزمەتچىلەر ئۇلارغا ۋاكالەتچى بولدى.

دېلونى تەھقىقلەش جەريانىدا دەۋاگەر، جۇ سۇچىڭ خەن شۇفېڭنىڭ ئاتقان خىش پارچىسى بىلەن زەخىملەنگەندىن كېيىن سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالدى. جاۋابكار روھىي جەھەتتىكى زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشى، ئۇنىڭ بېقىلغۇچىسىغا تۇرمۇش پۇلى، قاتناش راسخوتى ھەمدە دەپنە پۇلى قاتارلىقلار ئۈچۈن 44698 يۈەن تۆلەم بېرىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قىلدى.

خەن شۇفېڭلار، ئۆلگۈچى جۇ سۇچىڭ ئوغرىلىق قىلىپ سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن قولىغا پىچاق ئېلىپ، ئۇنى قوغلاپ كەلگەنلەرگە تەھدىت سالغان ھەمدە ئۆزى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلىكتىن سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغان. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۆزى سەۋەبچى، جاۋابكار ھېچقانداق ھەق ـ تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك، دېدى.

سوت ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئاقىلانە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئۆلگۈچى جۇ سۇچىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ (60%)، جاۋابكار خەن شۇفېڭ بىپەرۋالىق قىلىپ خىش پارچىسى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ كۆز قىسمىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن بەلگىلىك ھەق تەلەپ دەۋا مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. خەن شۇفېڭ دەۋاگەرگە تۈرلۈك چىقىملىرى ئۈچۈن 16917.20 يۈەن تۆلەم بېرىشى ھەمدە دېلو تەھقىقلەش چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

سوت بۇ دېلونى ئاخىرلاشتۇرغان ھەمدە ھەق تەلەپ ئۈستىدە قانۇنىي جەھەتتە نوپۇزلۇق خۇلاسە چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغرى تۇتۇش ھەرىكىتى پەيدا قىلغان دولقۇن تېخى پەسەيگىنى يوق. سوتنىڭ ھۆكۈمى ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتمەكچى بولغانلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويارمۇ؟ بۇ ھۆكۈم قانۇنسىز قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنى قوغداش رولىنى ئويناپ قالارمۇ؟ بۇ دېلو ئۈستىدىكى دەتالاشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالالمايمىز، ئەلۋەتتە. بۇ پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدىلا تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ، خالاس.

**ئىمىن ئېلى تەرجىمىسى**



# ئادەم ئۆلتۈرۈپ پۇل تېپىشنى ھۈنەر قىلىش

ۋۇ لىن ، ۋاڭ جىنجۇ

—ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر جىنايەتچىنىڭ بايانى

1

مەن ئەنخۇي ئۆلكىسى شىمالىي خۇەيبېيدىكى بىر يېزىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئائىلىمىزدە نوپۇس كۆپ ، ئاتا ـ ئانام كېسەلچان ، ئائىلىمىز ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن . مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا ئوقۇشتىن قېلىپ ئائىلەمگە قايتىپ دېھقانچىلىق قىلدىم . تەڭتۇشلىرىمنىڭ دەرسخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە ناھايىتى بىئارام بولاتتىم . «نېمىشقا مېنىڭ ئوقۇش سالاھىيىتىم يوق ، مېنىڭ باشقىلاردىن ئازراقمۇ كەم يېرىم يوقتىغۇ !» دەپ ئازابلىناتتىم . شۇندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆڭلۈمدە يېڭىلگىنىمگە تەن بەرمەسلىكتەك بىر خىل كۈچلۈك ئىستەك پەيدا بولۇشقا باشلىدى : «بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىمەن ، چوقۇم چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلالايمەن .» ئەمما ، يوقسۇزلۇق مېنىڭ خىياللىرىمنى بەربات قىلىۋەتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، تەڭتۇشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ئىگىلىك تىكلىدى ، ئەمما مەنچۇ ، 27 ـ 28 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولساممۇ ، ئۆزۈمگە لايىق ئىزدەپمۇ باقمىدىم . ئائىلىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى . مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن . تەقى ـ تۇرقۇم ھەم قارا ، ھەم يوغان بولۇپ ، قىزلار بىر قاراپلا قورقۇپ قاچاتتى . شۇنداق تۇرۇقلۇق كىممۇ مەن بىلەن مۇھەببەتلەشسۇن ؟ ياشلىق مەزگىلىدىكى بىئاراملىقتا چىدىشىم ناھايىتى تەس بولدى . مەن ئىنچىكە تۇردە تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىدىغان بىر پۇرسەت تېپىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم . بۇ بىر قانچە يىلدا يېزىمىزدىن شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇل تېپىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى ئۆيلەرنى سالدى ھەمدە توي قىلدى . بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى . مەنمۇ شىنجاڭغا بېرىپ «ئالتۇن قېزىش» نى نىيەت قىلدىم . مەندە كۈچ دېگەن بار ، پەقەت جاپاغا چىدىسام چوقۇم پۇل تاپالايمەن ، چىرايلىق خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ ئۆيگە قايتالايمەن .

2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، دوستۇمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سانجى شەھىرىگە كېلىپ مەلۇم بىر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتىدە ئىشلىدىم . شەھەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى رەڭدار ئىدى ، مەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتىلەتتىم ، سۆيگۈنۈم بىلەن خاتىرجەم سەيلە قىلغۇم ، سىرداشقۇم كېلەتتى ، ئەمما مېنىڭ ھەر ئايدىكى نەچچە يۈز يۈەنلا كىرىمىم بىلەن زامانىۋى شەھەر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلىشىم پەقەتلا ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك ئىدى . مەن يېنىمدا مېنى سۆيىدىغان بىر قىزنىڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . 28 ياشقا كىرىپ قالغان بولساممۇ ، تېخىچە سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش دېگەننىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئىدىم .

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ بىر قىزچاق بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . ئىسمى ئەي لى ، بوي ئېگىزلىكى 1.75 مېتىر ئىدى . ئۇنىڭ چىرايلىق بەستىنى دېمەيلا تۇراي ، يۈرۈش ـ

تۇرۇش ، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە ، ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا مەن مۇشۇنداق بىر كېلىشكەن قىزچاق بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىم راستتىنلا تەلىيىمنىڭ كەلگىنى دەپ ئويلىغان . ئەمما ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم . چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى . مەن بولسام بىر سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچى ، ئەي لى بولسا مۇشۇ يەرلىك ، ئائىلە شارائىتىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى .

بىراق ، بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىنلا ئەي لى مېنى دائىم ئىزدەپ كېلىدىغان ، يەنە تېخى مەن ئىشلەيدىغان ئورۇننىڭ ئالدىدا دائىم مېنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولىۋالدى . بۇ ھال خىزمەتداشلىرىم ۋە بىللە شىنجاڭغا كەلگەن يۇرتداشلىرىمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈردى ، ئۇلار دائىم «ساراڭنىڭ بەختى بار ، بەخت ـ تەلىيى ئۆزىدىن كەلدى ، ساھىبجامال ئۆزى ئىزدەپ كەلدى» دېيىشەتتى . مېنىڭ شۆھرەتپەرەس كۆڭلۈم تۇنجى قېتىم قانائەت ھاسىل قىلغان ئىدى . ئاستا ـ ئاستا ئەي لىنىڭ راستتىنلا ماڭا كۆڭلى بارلىقىنى بايقىدىم ، مەن ھەم قاتتىق ھاياجانلاندىم ، ھەم بەك جىددىيلەشتىم . ئەي لى بىلەن بىللە بولغان كۈنلەر ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك ، ئەڭ خۇشاللىق چاغلىرىم ئىدى . ئەي لى ھەم ئىشچان ، ھەم كۆيۈمچان ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم ئىجارە ئالغان ئۆيۈمگە كەلگەندە كىرلىرىمنى يۇيۇپ ، تاماقلىرىمنى ئېتىپ بېرەتتى . بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى . بىز تونۇشۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن ئوغرىلىقچە ئۆي تۇتۇۋالدۇق .

## 2

بۇ مۇھەببەتكە ئېرىشىش بەكلا تاسادىپىي بولغانلىقى ، ماڭا ئىنتايىن شېرىن تۇيغۇ ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، ئۆزۈمنى بارغانسېرى ناھايىتى تەلەيلىك ۋە بەختلىك ھېس قىلىدىغان بولدۇم . دائىم يۇرتداشلىرىمنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىمنى ، قىز دوستۇمنىڭ قانچىلىك چىرايلىقلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان بولدۇم . ئەي لىنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيەتتىم ، ئاشىقلىقتىن ساراڭ بولايلا دېگەن ئىدىم . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ناھايىتى ئەنسىرەيتتىم . مېنىڭچە بولغاندا ئەي لى ماڭىلا مەنسۇپ ئىدى . ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ ھەرقانداق ئىش قىلىشىغا يول قويمايدىغان ، يالغۇز سىرتقىمۇ چىقارمايدىغان بولدۇم ، باشقا ئوغۇللار بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشىغا تېخىمۇ يول قويمايدىغان بولدۇم . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەي لىنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم . مېنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسۈم بارغانسېرى تارىيىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ يات جىنسلىقلار بىلەن ئۇچراشقاندا ، پاراڭلىشىپ كۈلىدىغانلا بولسا ، كۆڭلۈم بەكلا بىئارام بولاتتى ، باشقىلارنىڭ مېنىڭ سۆيگۈنۈمنى تارتىۋېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم . بەلكىم مېنىڭ بۇ خىل غەلىتە سۆيگۈمگە تراگېدىيىنىڭ ئۇرۇقى كۆمۈلگەچكىمىكىن ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەي لى بارغانسېرى مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلالمايدىغان ، بىر خىل يۈك ، بىر خىل ئازاب ھېس قىلىدىغان بولدى .

بىر قېتىم ئەي لى كوچىدا بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇلارنىڭ تۈگىمەس چاقچاق ـ پاراڭلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بولدۇم . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەي لىنى سوراق قىلىشقا باشلىدىم . ئۇ ئادەم كىم ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ شۇ چاغدا ئەي لىنىڭ چىرايىنىڭ غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىردىنلا تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەي لى يات جىنسلىقلارغا يېقىنلاشسا ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشىدىغان بولدۇم ، ھەتتا بىر قېتىم ئۇنىڭغا قولمۇ تەككۈزدۈم . 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن بۇيان ئەي لىنىڭ ماڭا بولغان بۇرۇنقىدەك قىزغىنلىقىنىڭ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم . مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ، ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ بەختنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقاتتىم . مەن پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم ، ئەي لىدىن ئورۇنسىز گۇمانلانماسلىقىم ، ئۇنىڭغا قول تەككۈزمەسلىكىم كېرەك ئىدى . شۇڭلاشقا ، ئەي لىنىڭ ئالدىدا خاتالىقىمنى تونۇدۇم ، ھەم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن مەندىن ئايرىلماسلىقىنى ئۆتۈندۈم . بىراق ، ئەي لى مەسخىرە قىلغان

ھالدا : «مەن ئاياللارنىڭ ئالدىدا ياش تۆككەن ئەرلەرنى كۆزگە ئىلمايمەن . ئەر دېگەن چوڭ ئىشلارنى قىلىشى كېرەك . سىز شۇنداق قىلالامسىز ؟ قېنى ، بىرەر ئىش قىلىپ ماڭا كۆرسىتىپ باقمامسىز !» دېدى . بىر قاراپلا يۇمشاق قوللۇقنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، يەنە قاتتىق قوللۇق قىلىشقا باشلىدىم . «مېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىسەن ، مەڭگۈ مەندىن ئايرىلمايسەن ، بولمىسا مېنىڭ قانداق قىلىدىغىنىمنى كۆرىسەن تېخى...» دەپ تەھدىت سالدىم . ئەي لى مېنىڭ زورلۇشۇم بىلەن ئامالسىز ماقۇل بولدى ، ئەمما مەن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدىم ، كۈن بويى تەشۋىشلىنىپ بىئاراملىق ئىچىدە ياشىدىم .

## 3

2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەي لى ماڭا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇپ ، مېنىڭ مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئويلىنىپ كۆرۈشۈمنى ، چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىشىمىزنى ئۆتۈندى . ئەي لىنىڭ بۇنداق گەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپلا ، يۈرىكىم مۇزلاپ ، نەپەسىم توختاپ قالايلا دېدى . «مەندىن ئايرىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ئىش قىلىپ ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن ، سېنى مەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان قىلىۋېتىمەن ، قاراپتۇر !» دېدىم . شۇ چاغدا ئەي لى قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى . ئۇ مېنىڭ بىرەر ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشۇمدىن قورقۇپ ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى .

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەي لى بىر ساۋاقدىشىنىڭ چاقىرغۇسىنى تاپشۇرۇۋالدى . ساۋاقدىشى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ، ئۇنىمۇ قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى . ئەي لى ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى سەمىمگە سېلىپ قويدى . شۇ چاغدا مەنمۇ قارشى تۇرمىدىم . ئەي لى كەتكەندىن كېيىن ، كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن قالايمىقان خىياللارنى قىلىشقا باشلىدىم . چوڭ بىر ئىش قىلىپ ئەي لىگە كۆرسىتىپ قويمىسام ، دەپ ئويلىدىم ، بىراق ئويلاپ ـ ئويلاپ نېمە ئىش قىلسام بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم . مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن بولۇپ ، مېنىڭ قىلىشىمغا مۇۋاپىق كېلىدىغان چوڭ ئىشلارمۇ بەك ئاز ئىدى . ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئەي لىگە ئۆزۈمنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەركەك ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويماقچى ھەم ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم .

ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان چوڭ ئىش . بىراق ، ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك ؟ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىرى نىشاننى تانسىخانىلاردىكى خېنىملارغا قاراتتىم ، چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا ئاسان قول سالغىلى بولاتتى .

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچ . سانجى شەھىرىنىڭ شىمالىي يەنئەن يولىدىكى چىراغلار يېڭىلا ياندى ئىدى . كەچلىك بازار ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى . مەن كەچلىك بازارغا كېلىپ ، ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ يېنىدىكى بىر يايمىدا ئولتۇرۇپ ، ئازراق كاۋاپ بىلەن ئىككى بوتۇلكا پىۋا سېتىۋېلىپ ، كاۋاپ يېگەچ پىۋا ئىچىشكە باشلىدىم . جۈپ ـ جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار پاراڭ سېلىشىپ ، كۈلۈشۈپ يېنىمدىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ كۈلكىسى خۇددى يا ئوقىدەك يۈرىكىمگە تېگەتتى . شۇ چاغدا مەن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىك ، مەنلا بەختسىز ئىكەنمەن ، دەپ ئويلىدىم . مەن ئەي لىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى زادىلا خالىمايتتىم ، ئەمدىلا باشلانغان بەختلىك تۇرمۇشۇمنىڭ مۇشۇنداق تېزلا ئاخىرلىشىشىنى تېخىمۇ خالىمايتتىم . مەن ئىچىمدە بىر مەيدان مۇھەببەت جېڭى قىلىشقا قەسەم قىلدىم .

بۇ ۋاقىتتا ئازراق كەيپ بولۇپ قالغانىدىم . كەچلىك بازاردىن ئىتتىك خەنجەردىن بىرنى سېتىۋېلىپ بېلىمگە قىستۇردۇم . ئاندىن كەچلىك بازاردىن ئايرىلىپ ، سانجى شىمالىي باغچىسىنىڭ ئارقا ئىشىكى ئەتراپىدىكى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم . دوستۇمدىن قىز دوستۇمنى سۈرەتكە تارتىۋېلىشقا ئاپپاراتىنى بېرىپ تۇرۇشنى سورىدىم . دوستۇم راست دەپ ئىشىنىپ قالدى بولغاي ، كۆپ گەپ قىلمايلا ئاپپاراتىنى بېرىپ تۇردى . دوستۇمنىڭكىدىن چىقىپ ، شىمالىي باغچىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىكى دۇكاندىن بىر لىنتا سېتىۋېلىپ ، شۇ يەردىلا ئاپپاراتقا سالدىم ھەمدە سىناپ تارتىپ باقتىم . مەسىلە يوقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن ئىجارە ئالغان ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم . بۇ ۋاقىتتا كەچ سائەت 12 دىن ئاشقان بولۇپ ، ئەي لى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى . ئۇنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۈم .

مەن ئۆيدىن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان گۈرجەكنى ئېلىپ ، ئىشىكنى ئاستا قۇلۇپلاپ ، 100 مېتىر



بېرىدىكى قۇلماق ئېتىزلىقى بويىغا كەلدىم . زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىپ ، بىرەر شەپە ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ، ئورەك كولاشقا باشلىدىم . ئورەكنى كولاپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئورەكتىن چىقتىم ھەم گۆرجەكنى ئورەكتە قويۇپ قويدۇم . قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، خەنجەر بىلەن ئاپپاراتنى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىپ ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدۇم . يەنە بىر ئاغامچىنىمۇ تېپىپ كېلىپ ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدۇم . بۇ چاغدا 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئىككى بولغان ئىدى .

مەن بىر تانسىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇدۇللا ئىچكىرىگە كىردىم . تانسىخانىدىكى چىراغلار غۇۋا يورۇپ تۇراتتى ، بىر نەچچە خېنىم ئىزىلەڭگولۇك بىلەن مولازىمەت پوكىيى يېنىدىكى سافادا ئولتۇراتتى . مەن بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم ، ماڭا يارىغۇدەك بىرەرسىمۇ يوق ئىدى . بۇ چاغدا ئۇستۈنكى قەۋەتتىن بىر خېنىم چۈشۈپ كەلدى . ئاستىغا ئاق يوپكا كىيگەن ، ئۈستىگە ئاسما باغلىق جىلىتكە كىيگەن ، كۆكرىكى يېرىم ـ يارتا ئوچۇق بولۇپ ، ئىنتايىن ھېسسىياتچان كۆرۈنەتتى . يۈرىكىم بىردىنلا سېلىپ ، دەل ئۆزى شۇ دېدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇ خېنىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ قىلدىم ، سودىلىشىش ئارقىلىق ئۇ خېنىم بىر كېچىلىكى 200 يۈەنگە ماقۇل بولۇپ مەن بىلەن ماڭدى .

خېنىم ماڭا ئەگىشىپ ئىجارە ئالغان ئۆيۈمگە كەلدى ، ئۆيگە كىرىپ چوڭ چىراغنى ياندۇرماي ، ياتاق ئۆيدىكى كىچىك چىراغنىلا ياندۇردۇم . ئىككىلەن شاد ـ خوراملىق ئىچىدە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا باشلىدۇق . ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ، خېنىم ھېچقانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقسىزلا تازىلىق ئۆيگە يۈيۈنۈشقا كىرىپ كەتتى . مەن پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ياستۇق يېنىدىكى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ئارغامچىنى ئېلىپ تازىلىق ئۆيگە كىردىم . ئۇنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بوينىنى چىڭ بىر نەچچە سىقتىم . خېنىم بىر تەرەپتىن قارشىلىق قىلىپ ، بىر تەرەپتىن ماڭا يالۋۇرۇپ : «سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنىڭ پۇلۇم يوق ، سىزنىڭ پۇلىڭىزنىمۇ ئالمايمەن ، بۇندىن كېيىن ... دائىم كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولاي...» دېدى .

«ماڭا سېنىڭ پۇلۇڭنىڭ كېرىكى يوق ، دائىم كېلىپ ھەمراھ بولۇشۇڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق ، ماڭا پەقەت سېنىڭ جېنىڭلا كېرەك !»

مەن قاتتىق ھاسىرىغان ھالدا بىر جۈپ يوغان قوللىرىم بىلەن خېنىمنىڭ بوينىنى مەھكەم سىقتىم . خېنىم ئاستا ـ ئاستا تىركىشىشتىن توختاپ ، تازىلىق ئۆيگە يىقىلدى . ئۇنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بوينىغا دەسسىدىم ، زەھەرخەندىلىك بىلەن يەنە بىر نەچچىنى قاتتىق تەپتىم ، نەپىسى پۈتۈنلەي توختىغاندىن كېيىن جەسەتنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ ، ياتاق ئۆيدىكى قوش كىشىلىك كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدۇم . ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، ئۈستىدە بىر نەچچە مىنۇت ياتتىم . ئاندىن ئەي لىنى ئىزدەشكە ماڭدىم .

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ، ئەي لىنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ، ئۇنىڭغا مەن بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىشنى ئېيتتىم . ئەي لى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى ، قايتماي دېسە ، مېنىڭ بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇشۇمدىن قورقاتتى . مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ، ئەي لىنىڭ ساۋاقدىشىمۇ بىللە بارىدىغان بولدى .

23 ـ چېسلا ئەتىگەندە ئەي لىنىڭ ساۋاقدىشى ئۆيىگە قايتىپ كەتتى . مەن ئەي لىگە ھەمراھ بولۇپ سانجىنىڭ كوچىلىرىنى بىر كۈن ئايلاندۇردۇم . مەن ئىمكانقەدەر ئەي لىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئويلايتتىم ، ئەي لىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھەممىلا ئىشتا ئۇنىڭغا يول قوياتتىم . بىز قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندىلا ئاندىن ئىجارە ئالغان ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق .

23 ـ چېسلا كەچ سائەت 24 بولغاندا تېلېۋىزورنى

ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلىغىلى ياتتىم . كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ ئەي لىگە : «سەن ئىشىنەمسەن ـ ئىشەنمەمسەن ؟ مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم !» دېدىم . ئەي لى چۆچىگەن هالدا : «مېنى قورقۇتمىغىنا» دېدى . مەن كارىۋاتتىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ ، يەنە بىر قولۇمدا ئەي لىنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ ، تاختاينى ئاچتىم ، بىر ئايالنىڭ قېتىپ قالغان جەسىتى ئەي لىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . ئەي لى قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى .

مەن تەييارلاپ قويغان خەنجەرنى ئەي لىگە مەجبۇرىي ئالغۇزۇپ ، ئاپپاراتنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ : «سەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇچاقلا ، سېنى نەچچە پارچە سۈرەتكە تارتىپ قوياي ، بۇندىن كېيىن مەندىن ئايرىلىشقا جۈرئەت قىلالامسەن ـ يوق ، كۆرۈپ باقاي !» دېدىم .

ئەي لى تىترەپ تۇرۇپ خەنجەرنى ئېلىپ ، گەۋدىلىرى قولاشمىغان هالدا : «ياق ، ياق ، ياق !» دېدى . ئەي لىنىڭ پۇتلىرى بوشىشىپ ، پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى .

«قارا سېنىڭ ئەپتىڭگە ، توخۇ يۈرەك ، مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈم خۇددى بىر توخۇنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش ، ئۈچ مىنۇتتىلا مەسىلىنى هەل قىلدىم» دەپ تىللاپ ۋارقىرىدىم . ئەي لىنىڭ ماغدۇرسىز هالدا يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇسۇلىمنى ئۆزگەرتىپ : «بولدى ، بولدى ، ئورنىڭدىن تۇرغىن ! بۇ ئىشلارنى قىلىشىم سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ، سېنى مەڭگۇ مەن بىلەن بىرگە ئۆتسۇن دەيمەن . قارا سېنىڭ قورقۇپ بولۇپ كەتكەن هالىتىڭنى ، قارىغاندا بۇ ئىشلارنى دېيىشكىمۇ پېتىنالمايدىغان ئوخشايسەن . بىز هازىر ئۇخلايلى ، سائەت بەشتە جەسەتنى بىرلىكتە كۆمۈۋېتەيلى» دېدىم .

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەهەر سائەت بەشتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىۋات بېشىدىكى كىچىك چىراغنى ياندۇردۇم ، ئاندىن ئەي لىنى ياردەملىشىپ جەسەتنى بىللە كۆتۈرۈپ بېرىپ كۆمۈۋېتىشكە چاقىردىم .

جەسەتنى ئالدىن كولاپ قويغان ئورەككە تاشلاپ ، ئاندىن ئورەكنى تىندۇرۇۋەتتىم . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى . ئەي لى ماڭا جىنايىتىمنى ئىقرار قىلىپ ، ئۆزۈمنى ساقچىغا مەلۇم قىلىشقا ئۈندىدى . مەن ئاچچىقلىنىپ : «مەن سېنى دەپ ئادەم ئۆلتۈردۈم ، سەن دېمىسەڭلا هېچكىم بىلمەيدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ، سەنمۇ جەسەتنى كۆمۈشكە قاتناشتىڭ ، ئەگەر ئاشكارىلاپ قويساڭ ، سەنمۇ ئوخشاشلا تۈرمىگە كىرىسەن» دېدىم .

چۈشتىن كېيىن ئەي لى ماڭا : «مەن ئۆيگە بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈپ كېلەي ، ئۆيدە بىر نەچچە كۈن دەم ئالىمەن . سەندىن هەرگىز ئايرىلمايمەن ، خاتىرجەم بولغىن !» دېدى . مەن ئويلىنىپ كۆرۈپ ماقۇل بولدۇم .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە ئەتراپىدا ئەي لىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدۇم . ماشىنا مېڭىپ ئۇزۇنغا بارمايلا ، ئەي لى يېرىم يولدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ ، ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، بولغان ئىشلارنىڭ هەممىسىنى يىپتىن يىڭنىسىغىچە ساۋاقدىشىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ هەمدە ساۋاقدىشىنىڭ ئويلىشىپ بىرەر چارە تېپىشىنى سوراپتۇ . ئەي لىنىڭ ساۋاقدىشى ئەي لىنىڭ دېلو مەلۇم قىلىشىنى قوللاپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئەي لى ساۋاقدىشى بىلەن بىللە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ، ئۇدۇل سانجى شەهەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىگە بېرىپ دېلو مەلۇم قىپتۇ . بۇ ۋاقىت دەل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەن چاغ بولۇپ ، سانجى شەهەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى دېلونى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مېنى قولغا ئالدى . ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۆيدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم . ئەي لىنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن ، ئەي لى ئەمدى مەندىن هەرگىز ئايرىلمايدۇ ، مەن ئەمدى تۇرمۇشتىن غەم ـ ئەندىشىسىز لەززەتلىنىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىغانىدىم . هازىر ئويلاپ باقسام خۇددى بىر قاباهەتلىك چۈش كۆرۈپتىمەن . مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن ، قانۇندىنمۇ خەۋىرىم يوق . باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلدىم ، ئۆزۈمگە تېخىمۇ زىيانكەشلىك قىلدىم ، ئەمدى پۇشايمان قىلساممۇ بەكلا كېچىككەن ئىدىم...

**مامۇتجان ئېلى تەرجىمىسى**

## 1 . جياڭ جيېشى : سىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ھوقۇقلۇق

بىر كۈلرەڭ كىچىك ئايروپىلان بۇلۇتلارنى يې-
رىپ غەربكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى . ئايروپىلاندا
جاڭ جىجوڭ ئەپەندى دېرىزىدىن تۆۋەنگە قارىغىنىچە
ئولتۇراتتى . گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى سىيا-
سىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، داڭلىق ئەرباب ، 1 ـ دە-
رىجىلىك شياڭجياڭ بولمىش جاڭ جىجوڭ ئەپەندى
بۇيرۇققا بىنائەن ، «مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى»
سالاھىيىتى بىلەن ، ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتايدىن
ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇ-
نۇشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە
مەركىزىي دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) غا يول ئالغان
ئىدى . ئۇ تونۇگۈن چۈڭچىڭدىن يولغا چىقىپ ، لەن-
جۇدا بىر كېچە قونۇپ ، بۈگۈن سەپىرىنى داۋاملاش-
تۇرۇۋاتاتتى . جاڭ جىجوڭ شۇ تاپتا ۋەتەن زېمىنىنىڭ
ھەقىقەتەن بىپايان ، گۈزەللىكىنى چوڭقۇر ھېس
قىلىش بىلەن بىللە قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى ۋە
مۈشكۈللىكىنىمۇ تونۇپ يەتمەكتە ئىدى . بۇ خىل
سېزىم ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى شىنجاڭ سەپىرى ئارقى-
لىق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى ، ئۇنىڭ
شىنجاڭدا تىنچلىق ، ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش
ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي
تەشەببۇسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىۋاتاتتى .

بۇ مىلادى 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
بولۇپ ، بۇ قېتىمقىسى جاڭ جىجوڭنىڭ 2 ـ قې-
تىملىق شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى ھېسابلىناتتى .

بۇندىن بىر ئاي ئىلگىرى ، جياڭ جيېشى جاڭ
جىجوڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا گومىنداڭنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندا-
نى جۇ شياۋلياڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ رەئىسى ۋۇجوڭشىننىڭ تېلېگراممىسىنى
كۆرسەتتى . ئەسلىدە 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ، شىن-
جاڭدا غۇلجا ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن ، مىللىي
ئارمىيە تېز سۈرئەتتە زورىيىپ ، ئىلى ، ئالتاي ،
تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلەپ ۋە تو-
تاشتۇرۇپ ، ئۆز ئالدىغا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ ،
جۇڭخۇا مىنگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى



بىلەن پۈت تېپىشىۋاتاتتى . بۇ ھەرىكەت 1949 ـ يىلدىن كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بولسا ، ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «غۇلجا ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان ئىدى . 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا ئەسكەر چىقىرىپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن پەيتتە ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ ئۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ جىڭ ناھىيىسى بىلەن شىخو ناھىيىسىنى ئىگىلەپ ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشتى . بۇ يەرنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاران 140 كىلومېتىر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ ئىدى . جۇ شياۋلياڭ تېلېگراممىسىدا : «ئەھۋال ئېغىر ، كېيىنكى ئىشلارنى مۆلچەرلەش قىيىن . بىزگە ھازىر ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن باشقا يول يوق» دەپ يازغان ئىدى . دېمەك ؛ ئەھۋال چاتاقتەك قىلاتتى . جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن ئارامسىزلىنىپ ، جاڭ جىجۇڭنى ئالاھىدە شىنجاڭغا ئەۋەتتى . جاڭ جىجۇڭنىڭ ۋەزىپىسى «ھەربىيلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ، ۋەقەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن دوكلات تەييارلاش» تىن ئىبارەت . (تىرناق ئىچىدىكىلىرى «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» دىن ئېلىندى . تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)

شۇنىڭ بىلەن ، جاڭ جىجۇڭ 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى . ھېرىپ قالغىنىغا قارىماي ، شىنجاڭدىكى ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مول سىياسىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ، غۇلجا ۋەقەسى مىللىي مەسىلە ، ئۇنى پەقەت سىياسىي يول بىلەن تىنچ ھەل قىلىشقىلا بولىدۇ ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى . شۇ تاپتىكى جىددىي ۋەزىيە ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىپ ، ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتلىشىش يولىنى ئېچىش ئىدى . جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا پەقەت دىپلوماتىيە يولىدىن پايدىلىنىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياراشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىلا ، ئاندىن سۆھبەتلىشىش ئىشىكىنى ئېچىپ ، قوراللىق توقۇنۇشنىڭ تىنچ ھەل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى .

ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى (ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاي ، قەشقەرلەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان) يېۋسېيېف بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنى ئۆلكىگە ۋاكالىتەن غۇلجا تەرەپنى سۆھبەتلىشىشكە چاقىرىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . يېۋسېيېف غۇلجا ۋەقەسى جوڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشى قولايسىز دەپ ، جاڭ جىجۇڭنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلدى . دېمىسىمۇ ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايتتى . لېكىن ، ئۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكلىپىنى موسكۋاغا دوكلات قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جوڭگو ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى بىۋاسىتە ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قويسا ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ ، دېگەن تەكلىپنى بەردى .

جاڭ جىجۇڭ دەرھال جياڭ جيېشىغا مۇنداق تېلېگرامما يوللىدى : بۇ ئىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، مۇنداق تەكلىپ بېرىمەن : دىپلوماتىيە قائىدىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، جوڭخۇا مىنگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇبىڭچاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن كۆرۈشۈپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ ، غۇلجا ۋەقەسىنى تىنچ ھەل قىلىشتا كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلسا .

جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ ، «ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ دوكلات تەييارلاش» ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ ، 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چوڭچىڭغا قايتىپ كەلدى .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جوڭخۇا مىنگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ جوڭگونىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىگە بىر پارچە بايانات تاپشۇرۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دوكلاتىنى يەتكۈزدى . دوكلاتتا «شىنجاڭدا ئىنقىلاب

قوزغىغان خەلقنىڭ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىش نىيىتى يوق ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاپتونومىيە هوقۇقىغا ئېرىشىش . سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى شىنجاڭ بىلەن قوشنا رايونلىرىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ . جۇڭگو هۆكۈمىتى خالىسا ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، غۇلجىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغۇزغان بولسا ، بىز جۇڭگو هۆكۈمىتىنى مۇمكىن بولغان ياردەملەر بىلەن تەمىن ئېتىشكە تىرىشىمىز» دېيىلگەن بولۇپ ، بۇ دەل گومىنداڭ هۆكۈمىتى تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۈچۈر ئىدى . جياڭ جيېشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا : «هۆكۈمىتىمىز جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى ... غۇلجا ۋەقەسىنى قوزغىغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، مەسىلىنى تىنچ ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە كېڭەشىشكە تەكلىپ قىلىپ بەرگەن بولساڭلار» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاشقا بۇيرۇدى .

دەرۋەقە ، جاڭ جىجۇڭ ئويلىغاندەك ، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ ، سۆھبەتلىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى . بۇ قېتىمقى سۆھبەتلىشىش ۋەزىپىسى يەنە تەبىئىي هالدىلا جاڭ جىجۇڭنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى .

بۇ چاغدا چۇڭچىڭدا دەل دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى . جاڭ جىجۇڭ يەنئەنگە بېرىپ ماۋزېدۇڭنى چۇڭچىڭغا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، جۇئېنلەي بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئىككى پارتىيىنىڭ باش ۋەكىللىرى ئىدى . جياڭ جيېشىنىڭ قانداق ئويلاۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، جاڭ جىجۇڭ تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئېشىپ ، ئىككى پارتىيىنىڭ هەمكارلىشىپ دۆلەت ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلاتتى ، بۇ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان سىياسىي تەشەببۇسى ئىدى . ئۇ تىنچلىق ئۈچۈن هارماي ـ تالماي تىرىشىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا ، «تىنچلىقپەرۋەر گېنېرال» دېگەن شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن ئىدى .

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە چۇڭچىڭدا «تىنچلىق كېلىشىمى» ئىمزالىدى . گەرچە بۇ كېلىشىم كېيىنچە ئېنىقى قەغەز ، قارىسى سىياھ قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەينى چاغدا جۇڭگودىكى دېموكراتىك كۈچلەر ھەقىقەتەن غەلىبە قىلغان ئىدى . كېلىشىم ئىمزالانغان كۈننىڭ ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ ماۋزېدۇڭنى يەنئەنگە ئاپىرىپ قويدى . ئۇلار يەنئەن ئايرودرومىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ خوشلاشتى .

جاڭ جىجۇڭ چۇڭچىڭغا قايتىپ كېلىپ ، جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ ، نەچچە كۈندىن بېرى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ «مەركەز ۋەكىلى» بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە باشلىغان ئىدى . ئۇ ئىچكى جەھەتتە مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ، سىرتقا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىلا ، ئاندىن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن ئىدى . بۇ ، گومىنداڭنىڭ ئىزچىل تۈردە ئاجىز مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن يېقىن ئۆتۈپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىركىشىدىغان دىپلوماتىيە مەيدانىغا زىت ئىدى .

جاڭ جىجۇڭ ئەينى چاغدا غۇلجا تەرەپتىن چاتاق چىقماس دەپ ئويلىغان بولۇپ ، ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى ، گومىنداڭ هۆكۈمىتى ، يەنى جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قانچىلىك قوللاپ بېرەر ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى . جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئەندىشىسىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتتى .

جياڭ جيېشىنىڭ جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشىنى ئۇنىڭ ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى دانالىقى دېيىشكە بولاتتى . ئۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ دۆلەتكە سادىقلىقىنى بىلەتتى . ئۇنىڭ ئىزچىل تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش ، كومپارتىيە بىلەن

ھەمكارلىشىشتەك سىياسىي پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى . جاڭ جىيېشى جاڭ جىجوڭدەك دانا كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، ئۇنى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ سۆھبىتىگە سالغان ، ئەمدىلىكتە غۇلجا ۋەقەسىنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقان ئىدى . «تىنچلىق كېلىشىمى» نىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا ، جياڭ جيېشى كومپارتىيىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالىشىش فاڭجېنىنى بېكىتكەن ئىدى . جياڭ جيېشى كۆڭلىدە ، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى ، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى بولغاندىكىن ، ماڭا شىنجاڭنى ساقلاپ بەرگىن . بۇمۇ دۆلىتىمىزگە تۆھپە قوشقىنىڭ بولىدۇ ، دېگەن ئويغا كەلگەن بولۇپ ، كېيىنكى تارىخمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى . شۇڭا ، جياڭ جيېشى جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، خۇددى بۇ ئىش ھەققىدە بۇرۇنلا كۆڭلىدە سان باردەك ، ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا ، جاڭ جىجوڭغا : «سىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ، ئىش بولسا ھەر ۋاقىت تېلېگرامما يوللىسىڭىز بولىدۇ» دېدى .

جاڭ جىجوڭ جياڭ جيېشىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، كاللىسىنى چىرمىۋالغان ئەندىشىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى .

ئۇ ئەتىسى سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ ، ئۆزى ئوبدان بىلىدىغان كادىردىن بىر نەچچىنى تاللىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈيۈرېن ئەپەندىنىڭ كۈيئوغلى ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن چۇ ۋۇ يەنە ليۇ مېڭچۈن قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى . ۋەزىپە جىددىي بولغاچقا كېچىكىشكە بولمايتتى . ئۇلار مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئىككى كۈن ئۇچۇپ ، 10 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى .

## 2 . جاڭ جىجوڭ : ئاكا – ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز

جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى ئۇنىڭغا ئىككى كۈن ئىلگىرى غۇلجا تەرەپتىن ئۈچ نەپەر ۋەكىل كەلگەنلىكىنى ، مەيدىسىگە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئىزنىكىنى تاقىۋالغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كەلگەنلىكىنى ، ئۆزئارا كۆرۈشىدىغان چاغدا ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ كىنىشكىسىنى چىقىرىش كېرەكلىكىنى دوكلات قىلدى .

جاڭ جىجوڭ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى . ئۇلارنىڭ تەلىپى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بىرلىكىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى . مەركەزنىڭ ۋەكىلى بولغان جاڭ جىجوڭ قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ۋەكىللىرىنى ئەمەس ، بەلكى پەقەت يەرلىك خەلقنىڭ ۋەكىللىرىنىلا قوبۇل قىلالايتتى .

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى : مىللىي ئارمىيە قورال كۈچ ئارقىلىق ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ مەمۇرىي ۋىلايەتنى بۆلۈۋېلىپ ، مىللىي ھاكىمىيەت قۇرغان بولۇپ ، «ئۈچ ۋىلايەت» دەپ ئاتالغان ئىدى . گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ، قۇمۇل ، قاراشەھەر ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن قاتارلىق يەتتە مەمۇرىي رايوننى باشقۇرۇۋاتقان بولۇپ ، «يەتتە ۋىلايەت» دەپ ئاتالغان ئىدى . مانا بۇ شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى «ئۈچ ۋىلايەت» بىلەن «يەتتە ۋىلايەت» كە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋەزىيىتى ئىدى .

جاڭ جىجوڭ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېف بىلەن كۆرۈشۈپ ، غۇلجا تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدەك ئېغىر خاتالىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى : باش ئەلچى پېتروۋ ئەپەندى ھۆكۈمىتىمىزگە باياناتنامە ئەۋەتىپ ، شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغىغان خەلقنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلدى . ھۆكۈمىتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسىدىمۇ غۇلجا تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە كېڭىشىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلدى . مەن

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قانداقتۇر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەمەس، بەلكى يەرلىك خەلقنىڭ ۋەكىللىرىنىلا قوبۇل قىلالايمەن. باش كونسۇل جانابلىرى، بۇ پىكرىمنى غۇلجا تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويغان بولسىلا، مەن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچە تەلەپلىرىدىن ۋاز كېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يېۋسېيېف مۇنداق دېدى: جانابلىرىنىڭ پىكرىنى تولۇق چۈشەندىم. سىز ئۇلار بىلەن تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەندە پىكىرلىرىڭىزنى ئۇلارغا بىۋاسىتە ئېيتىسىڭىز بولىدۇ.

جاڭ جىجوڭ يېۋسېيېفنىڭ سۆزىنى ئەدەب بىلەن بۆلۈۋەتتى: «باش كونسۇل ئەپەندى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غۇلجا ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلىشىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. سىزنىڭ ئۇلارغا پىكرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇش مەسئۇلىيىتىڭىز بار.»

دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولغان يېۋسېيېف بۇ مەسىلىنىڭ پرىنسىپاللىقىنى ۋە نازۇكلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇنداقلا ناھايىتى تېزلا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، غۇلجا تەرەپ ۋەكىللىرى دەسلەپكى مەيداندىن ۋاز كېچىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئاتالغۇنى قايتا تىلغا ئالمىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ خاراكتېرى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى» بىلەن «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ ۋەكىللىرى» يەنى «غۇلجا تەرەپ ۋەكىللىرى» ياكى «ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى» دەپ ئاتالدى.

1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭ غۇلجا تەرەپنىڭ رەھىمجان سابىرھاجى، ئۇبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر ۋەكىلىنى تۈنجى قېتىم قوبۇل قىلدى. ئۈچ نەپەر ۋەكىلنىڭ رەت تەرتىپى سۆھبەت باشلانغاندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرىدا «تىنچلىق بېتىمى» ئىمزالانغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈنلەي يۇقىرىقىدەك بولۇپ كەلدى. لېكىن، سۆھبەت داۋامىدا جاڭ جىجوڭ ئاساسلىق پىكىر قىلغۇچى ۋە رول ئوينىغۇچىنىڭ ئىسمى ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلغان ياش ۋەكىل ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجان قاسىمى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئىدى.

سۆھبەتنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، جاڭ جىجوڭ غۇلجا تەرەپ ۋەكىللىرىگە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۇلارنى «قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى»نى تەكىتلەپ تۇردى. ئۇ ئېگىزگە چىقىۋېلىپ دۆلەت ئىگىسىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، غەرەزلىك ھالدا مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئەمەلىي سۆھبەت داۋامىدا بولسا، باراۋەر پوزىتسىيە تۇتۇپ، سىلىق ـ سىپايە گەپلەرنى قىلىپ، ناھايىتى يېقىنچىلىق كۆرسەتتى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇ گېپىنى «ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز» دەپ باشلاپ، مۇنداق دېدى:

—جۇڭخۇا مىنگو خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمانلار، زاڭزۇ ۋە باشقا بىر قانچە ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر دۆلەت (ئىزاھات: مىنگو دەۋرىدە «مۇسۇلمانلار» دېگەن ئاتالغۇ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىكى مىللەتلەرنى كۆرسەتەتتى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر بىردەك «مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتىلاتتى). ھەرقايسى مىللەتلەر خۇددى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلاردەك باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. مېنىڭ بۈگۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن سىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىم خۇددى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ يۈز كۆرۈشكىنىگە ئوخشاش ئىش ... ھەرقايسى مىللەتلەر ئاكا ـ ئۇكىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، جۇڭخۇا مىنگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنى شەكىللەندۈرگەن. بىزنىڭ بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىر يەردە ئولتۇرغىنىغا ئوخشاش ئىش. بەزى مەسىلىلەردە بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىمۇ پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەي غوۋغا پەيدا بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن، غوۋغا يەنىلا غوۋغا بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئىناقلىقىغا ۋە ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ كېتەلمەيدۇ... پېقىرنىڭ بۇ قېتىم مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى دەل ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**قاھار ئوسمان تەرجىمىسى**



## خەۋەرلەر

(3 ـ سان)

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال بازىرى يېقىندا چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى» نىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە 28 مەمۇرىي كەنت، 15 پونكىت ـ ئورۇننىڭ مەسئۇلى ۋە 82 مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن 2002 ـ يىللىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، مۇقىملىقنى قوغداش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، بۇ خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىگە ئاساس سالدى.



سۈرەتتە: بازار باشلىقى مۇختار نىياز (ئوڭدا) كەنت مەسئۇللىرى بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىماقتا.

**ئوسمانجان ئىسمائىل خەۋىرى، فوتوسى**

## پىچان ناھىيىسىدە 15 جىنايەتچى جاجىسىنى يېدى

يېقىندا پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، نارەسىدە قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىش قاتارلىق يەتتە چوڭ دېلودىكى 15 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

ئۆ × ×، ق × ×، ئو × ×، ئا × × قاتارلىق سەككىز جىنايەتچىنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ 47 قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ، 122 مىڭ 530 يۈەن قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئوغرىلىغان جىنايىتىگە قارىتا، ئۇلارغا بىر يىللىقتىن توققۇز يىللىققىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىپ، جەمئىي 24 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەن جىنايەتچىلەردىن ي × × كە مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسى، ئۆ × × كە مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. يەتتە قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ 17 مىڭ 500 يۈەن قىممىتىدىكى يەتتە دانە موتسىكلىتىنى ئوغرىلىغان جىنايەتچى ئە × × كە مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسى، قوشۇمچە 3000 يۈەن جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىلدى. بۇلاڭچىلىق قىلىش جىنايىتى سادىر قىلغان ئا × × كە مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى، قوشۇمچە 2000 يۈەن جەرىمانە قويۇش جازاسى، ئە × × نىڭ بۇلاڭچىلىق جىنايىتىگە قارىتا مۇددەتلىك تۆت يىللىق قاماق جازاسى، قوشۇمچە 1500 يۈەن جەرىمانە قويۇش جازاسى، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغان جاڭ × × كە مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش جازاسى، ئوغرىلىق جىنايىتى سادىر قىلغان ئۆ × × كە مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسى، قوشۇمچە 2000 يۈەن جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىلدى.

**كېرەم روزى**

مەكىت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

# مۇقىملىق ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشماقتا

مەكىت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، قاتتىق زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ناھىيىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشماقتا.

بۇ مەھكىمە ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ج خ تارماقلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، «پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم» قىلغان ئاساستا قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ۋە ئەيىبلەش مۇددىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، دېلو بېجىرىشتە تېز بولۇش بىلەن توغرا بولۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆتكەن يىل يىل بېشىدىن 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە 112 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 107 دېلودىكى 169 نەپەر جىنايەت گۇماندارىنىڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئەيىبلىدى. ھەممە ئەيىبلەشنىڭ توغرا بولۇش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزۈپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى مۇقىم بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

سۈرەتتە: بۇ مەھكىمىنىڭ تەكشۈرۈش - ئەيىبلەش بۆلۈمىدىكى خادىملار ئەيىبلەشنى تەكشۈرگەن دېلولار توغرىسىدا باش تەپتىشنىڭ پىكرىنى ئاڭلىماقتا.

**ئەنۋەرجان مەتنىياز خەۋىرى، فوتوسى**



يېقىندا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئوبلاستلىق ئەدلىيە ئىدارىسى ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق 40 نەچچە ئورۇننى ئاتۇش خەلق مەيدانىدا قارا دوسكا چىقىرىش، تەشۋىقات ۋەرەقى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق «ئاساسىي قانۇن» ۋە يېڭى «نىكاھ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى.



سۈرەتتە: تەشۋىقات پائالىيەت مەيدانىدىن كۆرۈنۈش.

**ئابدۇساتتار ئابدۇرېھىم، ئالىمجان فوتوسى**

## قاراقاش ناھىيىسىدە بازارلار ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى

يېڭى يىل كىرىشى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بازار تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، يالغان - ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى.

بۇ ئىدارە ئۆتكەن يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ بازارلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 2100 يۈەن قىممىتىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى بۇزۇلغان ساختا بالىلار يېمەكلىكى، ئاشلىق، ياغ، چاي، ھاراق - تاماكا، قانۇنسىز سىنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىق 15 خىل تاۋارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى.

**ئازادگۇل توختىمۇھەممەت**



## سىم ھەرىنىڭ سىرى

تۈرمىنىڭ يالغۇز كىشىلىك كامېرىغا قاماپ قويۇلغان جىنايەتچى سام بىر كۈنى يېرىم كېچىدە دېرىزىدىكى تۆمۈر رېشاتكىنى سىم ھەرە بىلەن كېسىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تۈرمىدە قاماقلىق مەزگىلدە سىرتتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئەكىرىپ بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تۈرمىگە قامالغان چاغدىمۇ ئۈستۈېشى قاتتىق تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، سىم ھەرىنى ئالغاچ كىرەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا، جىنايەتچى سام سىم ھەرىنى نەدىن تاپقان؟

تۈرمە باشلىقى كېسىۋېتىلگەن دېرىزە رېشاتكىسىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى قۇش مايىقىنى كۆردى ـ دە، ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى. سىز ئويلىنىپ كۆرۈڭ، جىنايەتچى سىم ھەرىنى نەدىن تاپقان؟



## ئەخمەق ئوغرى

مەلۇم بىر كېچىسى بىر ئوغرى سودا سارىيىغا كىرىۋېلىپ ئوغرىلىق قىلماقچى بولغىنىدا، تۇساتتىن قوغداش خادىملىرى كىرىپ قالدى. چۆچۈگىنىدىن نەقىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئوغرى دەرھال ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلەر پوكىيىغا بېرىپ، بېشىغا كەيمە چاچ، ئۇچىسىغا ئايالچە ئۇخلاش كىيىمى كىيىپ، مودىللار قاتارىغا تىزىلىۋالدى. ئەمما، ئۇ بىر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغانلىقتىن، قوغدىغۇچىلار ئۇنى تېزلا بايقىۋالدى.

ئۇنداقتا، بۇ ئۈچ مودېل ئىچىدە ئوغرى قايسى؟



ئەرلىك ساغلاملىقىنىڭ كۆۋرۈكى
ئايالىق سۈپىتىنىڭ كاپالىتى
مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئاساسى

# بوغدا دوختۇرخانىسى

بوغدا دوختۇرخانىسى ئەرلەر بۆلۈمى ، ئاياللار بۆلۈمى ۋە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈملىرىنى ئاساس قىلغان ، ئۈرۈمچى ، قەشقەر ، ئاقسۇ شەھەرلىرىدە تارماق دوختۇرخانىلىرىنى تەسىس قىلغان زىنجىرسىمان شەكىلدىكى داۋالاش ئورگىنى .

بوغدا دوختۇرخانىسى ئەر ـ ئاياللاردىكى پەرزەنت كۆرەلمەسلىك ، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى ، مەزى بېزى ياللۇغى ، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى ، سۆزنەك ، سىبلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، دورا بىلەن ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە خەتنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن سىزگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ .

بوغدا دوختۇرخانىسى بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى ، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ھەر قانداق بىمارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ . ھېيت ـ بايرام ، شەنبە ، يەكشەنبە ۋە باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئادەتتىكىدەكلا كېسەل كۆرىدۇ . بوغدا دوختۇرخانىلىرى ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسى ، زامانىۋىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەلا داۋالاش مۇھىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنچىل ، كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى مۇلازىمەت قىلىدۇ .

**ئۈرۈمچى بوغدا دوختۇرخانىسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 193 ـ نومۇر (قوشۇمچە ) ، 1 ـ ، 101 ـ ، 16 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ ، «يەنئەن» يولى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2850555 ـ 0991

**قەشقەر ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى :** قەشقەر شەھىرى «دەريا ساھىلى » يولى 1 ـ نومۇرلۇق قورۇ ، يەنى گۈزەلنىڭ كۆۋرۈكى يېنىدا . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2830555 ـ 0998

**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى :** ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي چوڭ كوچا 51 ـ نومۇرلۇق قورۇ ، يەنى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى ئايلانما دوقمۇشتا . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2617755 ـ 0997

**ئالاقىلاشقۇچىلار :** ئەركىن ، ئەنۋەر ، ھەمراجان ، قۇربان ، غۇنچەم ، ئايتىللا ، مەريەم ، گۈلگىنە ، ئەخمەتجان ، نىغمۇتوللا قاتارلىق دوختۇرلار

**بوغدا دوختۇرخانىسى— ئۆزىڭىزنىڭ دوختۇرخانىسى**

## «ياز كېچىسىدىكى ئوغرىلىق» نىڭ جاۋابى

مېيگۇ ھېلىقى كۈنى كېچىسى G دوكتورنىڭ قورۇسىدا مۆكۈنۈپ ياتقان چېغىدا ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان بىر نەچچە پاشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قېنى ئۆلگەن پاشىلار بىلەن قورۇدا قېپقالغان .

پاشا يېڭىلا شۈمۈرۈۋالغان ئادەم قېنىنىڭ ئانتىگېنى بوزۇۋېتىلمىگەچكە قان تىپىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ . ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شۈمۈرۈدىغىنى چىشى پاشىلار بولۇپ ، ئۇلار ھەر قېتىمدا 2 ـ 5 مىللىلىتىر-گىچە شۈمۈرىدۇ . ئەركەك پاشىلار پەقەت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەربىتىنىلا شۈمۈرىدۇ .

## «فوتوگرافنىڭ ئۆلۈمى» نىڭ جاۋابى

ئەمەلىيەتتە ، ساقچىلارنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن نېگاتىپ تەتۈر يۇيۇلۇپ قالغانلىقتىن ، فوتوگراف ئېيتقان ئوڭدىن 2 ـ ئادەم سۈرەتتە سولدىن 2 ـ ئادەم بولۇپ قالغان .

ئەسلىدە ، سۈرەتتىكى ئادەملەرنىڭ قول تۇرقىغا دىققەت قىلسىڭىزلا ، سىرنى ئاسانلا يېشەلەيسىز . چۈنكى ، ھەممە ئادەمنىڭ سولخاي بولۇشى ناتايىن .

# پەرزەنتلەرنىڭ قايتا نىكاھلانغان ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بارمۇ ـ يوق ؟

***سوئال :*** *ئايشەمخان ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ بىر قانچە يىل تۇل ئولتۇرغاندىن كېيىن ، يېقىندا باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەلۇم زاۋۇتنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى مامۇت بىلەن تونۇشۇپ توي قىلماقچى بولغاندا ، ئايشەمخاننىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولغان ئىككى پەرزەنتى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ ئاپىسىنى ئەيىبلەپ : «ئەگەر سەن قايتا توي قىلساڭ ، سېنىڭ بىلەن كارىمىز بولمايدۇ» دەپ ئاپىسىنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا قارشى تۇرغان ئىدى . ئايشەمخان بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي مامۇت بىلەن قانۇن بويىچە نىكاھلانغان ئىدى . يېقىندا ئايشەمخان ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ ئىككى پەرزەنتىدىن داۋالىنىش پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، پەرزەنتلىرى «سەن قايتا توي قىلغان» دەپ ، ئاپىسىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى كۆتۈرۈشنى رەت قىلدى . ئۇنداقتا پەرزەنتلەرنىڭ قايتا نىكاھلانغان ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بارمۇ ـ يوق ؟*

## خاسىيەت

**يولداش خاسىيەت :** ئايشەمخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ياشانغان ئاپىسىنىڭ قايتا نىكاھلىنىش ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىش قىلمىشى قانۇنغا خىلاپ . بۇ ھەقتە دۆلىتىمىز «نىكاھ قانۇنى» نىڭ 5 ـ ماددىسى ۋە «ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ 18 ـ ماددىلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «نىكاھلىنىش ئەر ـ ئايالنىڭ تولۇق رازىلىقى بىلەن بولۇشى شەرت . بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپنى زورلىشىغا ياكى ھەرقانداق ئۈچىنچى تەرەپنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ . ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . پەرزەنتلىرى ياكى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ياشانغان كىشىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشى ، قايتا نىكاھلىنىشىغا ۋە نىكاھلانغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ، ئۇلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتى قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ ، ئادەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشى ، قايتا نىكاھلىنىشى سەۋەبلىك يوقاپ كەتمەيدۇ . بۇ ھەقتە «ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ 12 ـ ماددىسى ، «نىكاھ قانۇنى» نىڭ 21 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : «ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار . پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا ، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ياكى تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىدىن قاراش ھەققىنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق . باققۇچى ياشانغان كىشى كېسەل بولۇپ قالغاندا ، داۋالىنىش خىراجىتىنى بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا قارىشى كېرەك» .

يۇقىرىقى قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئايشەمخاننىڭ قورامىغا يەتكەن ئىككى پەرزەنتى ئاپىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ ، ئاپىسىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى كۆتۈرۈشى كېرەك . ئىككى پەرزەنتىنىڭ ئاپىسىنىڭ قايتا نىكاھلانغانلىقىنى باھانە قىلىپ قاراشنى ، داۋالىنىش چىقىمىنى بېرىشنى رەت قىلىشى قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەس . بۇ خىل ئەھۋالدا ئايشەمخان خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ ، باللىرىدىن بېقىش ھەققى بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ .

**قانۇن مەسلىھەتچىمىز ئالىم قادىر جاۋاب بەرگەن**




مەن «ئامانلىق» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن ئوقۇرمىنى . «ئامانلىق» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر يېڭى سانى قولۇمغا تەگكىنىدە ، ئۇنى زور قىزىقىش بىلەن باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقىمەن ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى ساقلىغاندەك ياخشى ساقلايمەن ، ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ تېزراق نەشردىن چىقىپ قولۇمغا تېگىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن . گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلانغاندا ئالدى بىلەن بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىمەن .

ھازىر بۇ ژۇرنال بەش يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، 60 نەچچە سان چىقىرىلدى . بۇ ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش يولىدا كۆپ ئىزدىنىۋاتقان مۇھەررىرلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن .

قارا قاش ناھىيە كۇيا يېزىسىدىن : **روزىمۇھەممەت ئۆمەر**

مېنىڭ مەزكۇر ژۇرنال بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىككى يىل بولدى . بۇ ئىككى يىل جەريانىدا ، ھەربىر سان ژۇرنال قولۇمغا تەككىچە تەقەززا بولۇپ ، خۇددى ئاشىق مەجنۇن ئۆز يارىنى كۈتكەندەك تىتىلداپ كېتىمەن .

ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىلىرى ، بەتلىرى شۇنداق كۆركەم ، مول مەزمۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان . بولۇپمۇ تەرجىمە قىلىنىپ بېرىلىۋاتقان ماقالىلار ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ . ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى جاپاكەشلەر ، سىلەرنىڭ زور تىرىشچانلىقىڭلار بىزنى رازى قىلدى . بۇندىن كېيىنمۇ مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەر بىلەن بىزنى ئۇچراشتۇرۇپ ، مەنىۋى تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇشقا تېخىمۇ زور غەيرەتتە ئىشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ! مەزكۇر ژۇرنال ھازىر بىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ مۇھىم ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى .

قەشقەر يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن : **تۇرغۇنجان ئابلاتېرىمى**

ئەسسالام ، ھۆرمەتلىك مۇھەررىر يولداشلار ! ياخشىمۇ سىلەر ؟ ئالدى بىلەن ، سىلەرنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن مۇشۇنداق ياخشى بىر ژۇرنالنى سوۋغا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىڭلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن .

مېنىڭ بۇ ژۇرنالنى ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىمغا ئىككى يىلدىن ئاشتى . بۇ ژۇرنال قىزىقارلىق ۋە مول مەزمۇنى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلماقتا .

«ئامانلىق» ژۇرنىلىنىڭ بىز باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن تەربىيىلەش قوللانمىسى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دېگەننى كۆزدە تۇتۇپ ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر ۋە پۇل ـ مالغا ئالدىنىپ كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن ماقالىلارنى كۆپرەك ئېلان قىلىشىڭىزلەرنى ئۈمىد قىلىمەن .

پىچان ناھىيە پىچان يېزا كېچىك باشلانغۇچ مەكتەپتىن : **ھەبىبۇل لېتىپ**

## ئايالنى كۈتۈۋالغىلى بېرىش

مايىك ئايرودرومغا كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەن ئايالىنىڭ ئالدىغا چىقـ. تى . ئايالى ئېرىنىڭ سۇرۇن تەلەتـــىنى كۆرۈپ :

—چىرايىڭىز نېمانچە سولغۇن ؟ قاراڭ ئاۋۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا ، نىـ. مىدېگەن قىزغىن ، نېمىدېگەن خۇشال ھە ! —دەپتۇ .

مايىك :

—چۈنكى ، ئۇ ك[illegible] ئۇ. زىتىپ قويغىلى چىق[illegible] ! —دە[illegible] .

تېمىسىز



## ئۆز قەرەلىدە

لاۋۋاك دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ، دوخـ. تۇرغا ئۆزىنىڭ ئاشقازان - ئۈچەيلىرىدە مەسىلە بارلىقىنى ئېيتىپتۇ . دوختۇر :

—چوڭ تەرەتىڭىزنىڭ قەرەلى بارمۇ ؟ —دەپ سوراپتۇ .

—بار ، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت دەل يەتتىدە چوڭ تەرەت قىلىمەن ، —دەپتۇ لاۋۋاك .

—ئۇنداقتا سىزدە يەنە قانداق مەسىلە بار ؟ —دەپ سوراپتۇ دوختۇر چۈشىنەلـ. مەي .

—مەسىلە شۇكى ، —دەپتۇ لاۋۋاك ، —مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئاران ئورنۇمدىن تۇرىمەن .

## نىشاننى تېپىۋېلىش

بىر ئەما كىشى يول باشلىغۇچى ئايشاركىسىنى يېتىلەپ تۆت كوچا ئېـ. غىزىدا يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ . ئەمما ، يېشىل چىراغ يانسىمۇ ئايشاركا ئىگىسىگە يول باشلاش ئويىدا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئۇنىڭ شىـ. مىغا سىيىپ قويۇپتۇ . ئەجەپلىنەرلىكى ، ھېلىقى ئەما قىلچە رەنجىمەستىن ئايـ. شاركىسىغا بىر پارچە نان بېرىپتۇ . بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن ھەيرانلىق بىلەن :

—ئاۋادا ئۇ مېنىڭ ئايشاركام بولغان بولسا ، كۆتىگە راسا تەپكەن بولاتتىم ، —دەپتۇ .

ئەما كىشى ئىزاھلاپ :

—مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان ، ئەمما مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ بېشىنىڭ قايـ. ياقتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىم كېـ. رەك ، —دەپتۇ .

تېمىسىز



# ھۆسنخەتتى

## ئۆمەرجان ئوسمان

## يازغان

ياخشى بولساڭ ئەگەر، قالدى نامىڭ،
قولغا كىرەر بەختۇ، ئىستەك ۋە كامىڭ.
يامانلىق ئۆرۈسەن تەرسەڭ يامانلىق،
بىر كۈن كۆرمەيسەن شادلىق، ئامانلىق.

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى. ئۆمەرجان ئوسمان يازغان.














CN65－1180/D－W
باھاسى: 4.00 يۈەن